
1993 6
ئىلگىرىكى ئىشلارنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئاچايلى
قوش كۆلكە
مىللەتلەر ئىتتىپاقى
UNITY OF NATIONALITIES




پايتەخت ئەۋزەل-
لىكىدىن پايدى-
لىنىپ، مىللىي
ئالاھىدىلىكنى
تولۇق گەۋدى-
لەندۈرە يلى



1993 - يىلى 6 - ئايدا غەربىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا، شياڭگاڭ، ئاۋمىن، تەيۋەن قاتارلىق 26 دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن 300 دىن ئارتۇق سودىگەر ھەم ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، شىنجاڭ، يۈننەن قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى 17 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 300 گە يېقىن زاۋۇت، سودا كارخانىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بېيجىڭ خەلقئارا يىغىن مەركىزىگە جەم بولۇپ، بەش كۈن داۋاملاشقان خەلقئارا «مۇسۇلمانلار كېڭەشمە يىغىنى»غا قاتناشتى.









(1) شياڭگاڭ جۇڭجەن گۇرۇھى بىلەن بېيجىڭ ھەمكارلىشىپ ۋاڭفۇجىڭ رايونىنى ئېچىش ئىمزا قويۇش مۇراسىمى

(2) دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، سەيپىدىن ئەزىزى نىڭشيا كۆرگەزمە سۇپىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى

(3) مۇسۇلمانلار سودا - ئىقتىساد كېڭەشمە گۇرۇپپىسى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ مالايسىيا سودا ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى

(4) چەت ئەل سودىگەرلىرى سودا كېڭەشمەكتە

(5)

بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.




## بەختلىك ئائىلە

مېنىڭ يۈرىكىم كۆكرىكىم قەپىزىدە زېرىكىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، بەختىيار ئائىلىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كۆڭۈلدىن مۇبارەك ئورۇن ئالغان مۇقەددەس قەسرىگە باردى-دە، توختىدى. ئۇ تاساددىپىيلىق ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆرگەنلىرى ئۆزۈنىدىن بۇيان ئويلاپ كەلگەنلىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ بۇ يەردە كۈچ - قۇدرەت، پۇل- پۇچەك ۋە ھوقۇق دېگەننى ئۇنىڭ كۆرگىنى گۈزەللىك ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت بىر جۈپ ياش ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھى- ئۇلارنىڭ قىزى دا نىشمە- نلىكلا بولدى.

- ئەي مۇھەببەت! قانائەت قايەردە؟- دېدى مېنىڭ يۈرىكىم مۇھەببەتكە - مەن ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە بۇ يەردىكى خاتىرجەملىكتىن بەھرىمەن بولىدىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

- بىزگە قانائەتنىڭ ھاجىتى يوق،- دېدى مۇھەببەت، - شۇڭا ئۇ بىردىن ئايرىلىپ، قارا نىيەت بىلەن چۈشكەلگەن شەھەرگە كەتتى. قانائەت - بەخت قوغلىشىدىغان غايە ئەمەس، بەخت - ئۆزۈلمەس تەشنالىق، ئىنتىزارلىق، قانائەت - بىر خىل بەزلەشتىنلائىبارەت، ئۇ پەيدا بولىدۇ دە، ئۈزۈلىدۇ، يوقىلىدۇ.

ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان يۈرەك زادىلا قانائەتلەنمەيدۇ.



چۈنكى ئۇنىڭ غايىسى- مۇكەممەللىك، ھالبۇكى مۇكەممەللىكنىڭ چېكى بولمايدۇ.

- ئەي گۈزەللىك! سەن ماڭا ئاياللارنىڭ سىرلىرىنى دەپ بەرسەڭ، قانداق؟ - دېدى يۈرىكىم گۈزەللىككە، - چۈنكى سەن ئۇنى ئەڭ ئوبدان بىلىسەن.

- ئەي يۈرەك! ئۇ - سەن، سەن قانداق بولساڭ، ئۇمۇ شۇنداق. ئۇ - مەن، مەن قايەردە بولسام، ئۇ شۇ يەردە، - دېدى- گۈزەللىك، - ئۇ دىنغا ئوخشايدۇ - ئەگەر ئۇنى دۆت كىشىلەر بۇزمىلىمىغان بولسا؛ ئۇ تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ - ئەگەر ئۇنى قارا بۇلۇتلار توسۇۋالمىغان بولسا؛ ئۇ تاڭ شامىلىغا ئوخشايدۇ - ئۇنىڭغا بەدبۇي پۇراقلار ئارىلاشمىغان بولسا. . .

مېنىڭ يۈرىكىم مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنىڭ قىزى دانىشمەنلىككە يېقىنلى- شىپ:

- ماڭا ئەقىل- ئىدراك بەر- گىن، مەن ئۇنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئېلىپ كېتەي،- دېدى. دانىشمەنلىك ئۇنىڭغا:

- بىلىشىڭ كېرەككى، دانىشمەنلىك - بەخت، ئۇ ھەر قانداق سىرتقى جايدىن ئەمەس، يۈرەك - قەلبىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئەڭ چوڭقۇرىدىن پەيدا بولىدۇ - دېدى.

# مۇندەرىجە

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە


ئىلگىرىكى ئىشلارنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئاچايلى . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ئىسمائىل ئەھمەد (4)

يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي كادىرلار خىزمىتى. . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى لى يۈنچاڭ (13)

ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ-تېخنىكا مائارىپىدا
ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر. . . . . . . . . . ھەبىبۇللا خوجا (29)


## شەخسلەر


شى جۈن: ھەم ئەمەلدار ھەم ئالىم. . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى جاڭ رۇ (21)

تۆردى ئىمىننىڭ سەنئەت يولى. . . . . . . . . . فېي لۇۋىن (32)


## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار


دۇڭشياڭ مىللىتى ۋە دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى. . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . خېلىل ئەلى (26)


## مىللەت خەزىنىسى


ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى. . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ئىمىنجان ئەخمىدى (34)

ھېكمەت دۇنياسى. . . . . . . . . . . يارمۇھەممەت تاھىر (38)


## مىللەت ۋە ئۆرپ-ئادەت


چىرىيە ئەرلىرىنىڭ باش كىيىمى - تەلپەك. . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (41)

قاراقۇرۇمدىكى «بۇرگە» ئويۇنى. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . مۇختەر مامۇت، ئابدۇلئەھەت (43)


## بىلىۋېلىڭ


بىمار يوقلاش قائىدىلىرى . . . . قۇربان توختى تەييارلىغان (45)





دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

(ئومۇمىي 31 - سان)

باش مۇھەررىر:

**ئىدرىس بارات**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**ئەكبەر ئېلى**

مەسئۇل مۇھەررىر:

**خامىت نىغمەت**




ئىلىنچۈن



چياگرۇ

# مۇندەرىجە


**دەردىڭگە دەرمان بولاي**

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب.................. (47)

**تەرمىلەر**

كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئون نۇقتا............... (48)

ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلمىسى ....... (48)

بۇرنى بىلەن گەپ قىلىش................. (48)

پاي چېكى سودىسىنىڭ تارىخى ............... (49)

يېڭى تىپتىكى كۆكتاتلار .................. (49)

**كۈلكە خۇرۇچلىرى**

يۇمۇرلار............................ (50)

ھەجۋىي رەسىملەر ...................... (63)

**گۈلدەستە**

قوش كۈلكە (ھېكايە)............... قۇربان توختى (51)

سىز ھاكىممۇ (ھېكايە) ............... پازىل قادىر (55)

ھېكمەت دۇنياسى ...................... (57)

**گۈزەل سەنئەت گۈلزارى**

مۇقاۋىدا: كىنو ئارتىسى.................. لياڭ فېڭ فوتوسى

2-بەتتە: پايتەخت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۇرەيلى .............................. .. لۇۋنىمېي فوتوسى

3- بەتتە: بېيجىڭدىكى «مۇسۇلمانلار ئائىلىسى».......... چېن راۋ فوتوسى

ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: تۇردى ئىمىننىڭ جۇڭگوچە رەسىملىرىدىن تاللانما....

ئوتتۇرا قارا بەت 1- :ئۈرۈمچىنىڭ يېڭى قىياپىتى....... غەيرەت مەمتىمىن فوتوسى

ئوتتۇرا قارا بەت 2-: تەرەققىي قىلىۋاتقان غۇلجا شەھىرى........ .............................................. ئەلكەي فوتوسى

4-بەتتە: ئوغلاق تارتىش ...................... غازى ئەھمەد سىزغان





«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 25-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5- ۋە 10-ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 ــ 58

خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: BM 178U




دوڭرۇ



ياۋزۇ

# ئىلگىرىكى ئىشلارنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئاچايلى

ئىسمائىل ئەھمەد

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ھەممىگە ئايان بولغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىمۇ ئوخشاشلا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى.

— ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش ئىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلىپ، «سول» يېتەكچى ئىدىيە ئاستىدا شەكىللەنگەن مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى خاتا نەزەرىيە چۆرۈپ تاشلاندى.

— ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كەسكىنلىك بىلەن يۆتكەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بويسۇندۇرۇپ ۋە خىزمەت قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

— ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پائال پوزىتسىيە بىلەن ئۆزىگە خاس ئىقتىدار ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا قاتناشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى داۋامىدا، خىزمەت ئوي - پىكرى داۋاملىق كېڭەيمەكتە، خىزمەت مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىماقتا.

— ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىزدىنىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

— سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش ئىشلىرى داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلدى.

— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى رولى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلدى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 1991 - يىلى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1978 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 185.1% ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 261.5% كۆپەيدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە

كىرىمى 70 نەچچە يۈەندىن 500 نەچچە يۈەنگە كۆپەيدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نەچچە يۈز مىليون خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، 1991 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 1978 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا %30.6 كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى %293.9 كۆپەيدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بار بولدى، ھەممە ئۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ماگىستىر ۋە دوكتورلىرى بار بولدى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىلىقىدا چىقىرىلىدىغان گېزىت %69.4 كۆپەيدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دوختۇرخانىلىرىنىڭ كارىۋىتى %46.7 كۆپەيدى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقى تۈرلۈك ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ كۈچەيدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، 1978 - يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە يېڭىدىن 63 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي تەسىس قىلىندى، ھازىر مەملىكەت بويىچە 159 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بار بولۇپ، 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ 44 ى، 91 مىليون 200 نەچچە مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ 77 پىرسەنتى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكتە. ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1700 دىن ئارتۇق مىللىي يېزا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى، 53 ئاز سانلىق مىللەت مىللىي يېزا قۇردى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. ئۇلارنىڭ ساپاسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 2 مىليون 190 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇپ، 1978 - يىلدىكىگە قارىغاندا 1.6 ھەسسە كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملار 60 پىرسەنتتىن ئارتۇقىنى تەشكىل قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 4.8 پىرسەنتتىن 1990 - يىلى ئۆرلەپ، 6.2 پىرسەنتكە يەتتى. بۇ پاكىتلار 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 14 يىل ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلار داۋامىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئىدىيە، نەزەرىيە، سىياسەت، ئەمەلىيەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن دەۋر ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئالغا سۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغ تارىخىي مۇساپە داۋامىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تەجرىبىلىرىمۇ داۋاملىق توپلاندى، كۆپەيتىلدى ۋە يۈكسەلدۈرۈلدى. دەل مۇشۇ تەجرىبىلەر ئىگىلەنگەن ۋە تەتبىق قىلىنغانلىقتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئارقا - ئارقىدىن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 14 يىلدىكى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتە، باشتىن - ئاخىر پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇردۇق. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى —

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان ماركسىزمچە ئەمەلىيەت بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئورتاق ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن ئومۇمەن يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرا يۆنىلىشكە ۋە ئۈزۈلمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىنىدۇ: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئازسانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يادرولۇق ئورنىغا قويۇش؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش؛ پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى چوڭ - چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىزچىللاشتۇرۇش؛ مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىزم پرىنسىپى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قوغداش؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇنى جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىسىنى كۆزىتىش، بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىسى قىلىش. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش — پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تۈپ مەزمۇنى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئۈچ ئەڭ تۈپ مەسىلە. بۇ ئۈچ تەرەپ بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە توغرا چۈشىنىش، ئەتراپلىق ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك.

(2) خىزمەت مەزمۇنى جەھەتتە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ھەممىدە كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئاساس قىلىش. ئۇزاق ئەمەلىيەت داۋامىدا، دۆلىتىمىزدە مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش مىللىي سىياسەت بارلىققا كەلدى. ئۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇش سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىتى؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە پائال ئىشقا قويۇش سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىي تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش سىياسىتى ۋە باشقىلار.

بۇ سىياسەتلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنى يەنە ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. مىللىي سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا قىلىش — ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، كۆپلىگەن كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەش، جۈملىدىن ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئىشلەش داۋامىدا، مىللىي سىياسەتنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈش، مىللىي سىياسەتنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش، مىللىي سىياسەتكە خىلاپ ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك. شۇنداقلا يەنە مىللىي سىياسەتنىڭ پرىنسىپال روھىغا ئاساسەن، ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قوشۇمچە بەلگىلىمە ياكى كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر تۈرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئەلۋەتتە، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە پەرقلىق ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ.

مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئەمەلىي ئىش قىلىش دېگەنلىك مىللىي سىياسەتتە قىلىش تەلەپ قىلىنغان، قىلىشقا يول قويۇلىدىغان ئىشلار، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلار، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشنى دېمەكتۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەنلىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ سىياسەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى، مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئۆلچەشنىڭ ئاساسىي بەلگىسى.

(3) خىزمەت فاكتىنى جەھەتتە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش — ماركسىزمنىڭ جېنى. جۇڭگودا 56 مىللەت بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد - مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ دۆلىتىمىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ 6 مىليون 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك يېرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي شارائىت جەھەتتىكى پەرق ناھايىتى چوڭ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتە ئىشلىتىشكە باپ كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشلىتىشكە باپ كېلىشى ناتايىن، مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئىشلىتىشكە باپ كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىشلىتىشكە باپ كېلىشى ناتايىن، بىر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايدا ئىشلىتىشكە باپ كېلىدىغان نەرسىنىڭ يەنە بىر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايدا ئىشلىتىشكە باپ كېلىشى ناتايىن، بۇ ھال خىزمەت داۋامىدا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىگىلەش، مىللىي ئالاھىدىلىك، رايون ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇش ۋە ئىگىلەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە قىلىش، سىياسەت جەھەتتە مۇئەييەن رەۋىشتە جانلىق بولۇش، مېتافىزىكىلىق ئاساسدىكى ھەممىنى

بىر تاياقتا ھەيدەش ۋە تەكشىي قەدەم بىلەن مېڭىشتىن ساقلىنىش، قورۇقتىن - قورۇق يۈزەكى ئىش قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىنى باتۇرلۇق بىلەن ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، بۇرۇنقى خىزمەتلەردىكى ياخشى تەجرىبىلەر، ياخشى ئۇسۇللارغا ۋارىسلىق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان رامكىلارنى باتۇرلۇق بىلەن چۆرۈپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. «سول» ياكى ئوڭ ئىدىيىنىڭ توسالغۇسىنى تۈگىتىش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، شۇنداقلا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەش، ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ جانلىق ئۆزگەرتىش كېرەك، ۋەزىيەت ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقاندا، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان شارائىت ئاستىدا، ئىدىيىنى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرغاندا قوشۇندىن قېپقالمىغىلى، خىزمەتنى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرغاندا پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(4) خىزمەت ئوبيېكتى جەھەتتە، ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈزلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىگە يۈزلىنىش، كونكرېت خىزمەت مەزمۇنى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارنى ئىلمىي ئاساستا تۈرلەرگە ئايرىش. ئاز سانلىق مىللەتلەر — ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى، لېكىن بىردىنبىر ئوبيېكتى ئەمەس. جۇڭخۇا مىللىتى 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ئائىلە، 56 مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك يېقىن مۇناسىۋەت، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا چېتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، مەسىلەن، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي - مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋەھاكازالار. ھەر بىر مىللەتكە، ھەر بىر رايونغا، ھەتتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەر بىر پۇقراسىغا چېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئاز سانلىق مىللەت خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتىنىڭ كەڭ ۋە ئۆزئارا ئاچقۇچلۇق ئىككىلىكىنى كۆرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە خىزمەت داۋامىدا ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر رايونغا ئوخشاش تەڭ قاراش دېگەنلىك ئەمەس. باشتىن - ئاخىر ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساسىي خىزمەت ئوبيېكتى قىلىش، خىزمەت مەزمۇنى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئوبيېكتنىڭ پەرقلىق ئىككىلىكىگە قاراپ پەرقلىق بولۇش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئوبيېكت قىلغان خىزمەتنىمۇ ئىلمىي ئاساستا تۈرلەرگە ئايرىشنى يولغا قويۇش كېرەك، ھازىر ئومۇمەن ئالغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ۋە ئاھالىلەر ئارىلاش - تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى دەپ ئايرىلىدى. ئاھالىلەر ئارىلاش - تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى يەنە مىللىي يېزىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى، شەھەرلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى، شۇنداقلا باشقا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى دەپ ئايرىلىدى. خىزمەتنىڭ تۈرى جەھەتتە بىر قانچە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان كاتېگورىيە شەكىللەندى. مەسىلەن، مىللەتلەر ئىقتىسادىي خىزمىتى، مىللەتلەر قانۇنچىلىق خىزمىتى، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە باشقىلار. بۇنداق ئايرىش ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن، شۇنىڭ

بىلەن بىللە ئۆز نۆۋىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىنتايىن چوڭ يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

(5) خىزمەت ۋاستىسى جەھەتتە، مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمكان قەدەر باشقا ۋاستىلەرنى تەتبىق قىلىش. مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەتلەر خىزمىتى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان خىزمەت. مىللىي مۇناسىۋەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى، ئىدىئولوگىيە مۇناسىۋىتى قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۇنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق تەڭشەشكە بولىدۇ ۋە تەڭشەش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى قانۇن يولىغا سېلىش — ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇنداقلا پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»دا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، بۇيېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا قارىتا مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. ھازىر مىللەتلەر قانۇنچىلىقى دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە تەركىبىي قىسمى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ قالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن چىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە تاپىنىشقا بولىدىغان ئېنىق تولۇق بولۇش تەلىپىنى ئورۇنداش؛ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى تەكىتلەپ، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن - نىزاملارنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەقىقىي يولغا قويۇش؛ قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ مىللەتلەر قانۇنچىلىقى ئېڭىنى ئۇستۇرۇش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئىرىشىپ ئىدارىلەر، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قىلىش؛ مىللەتلەرگە دائىر قانۇنلارنىڭ نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش.

قانۇنچىلىق ۋاستىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمكان قەدەر باشقا ۋاستىلەرنىمۇ قوللىنىش كېرەك. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى بەزى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇش يولى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ماددىي ۋاستىسىنى كۈچەيتتى، بەزى جايلار ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇچۇر ۋاستىسىدىن پايدىلاندى ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

(6) خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەز- مۇنى مۇرەككەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ، يەنە كېلىپ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر مەڭگۈ

ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇپ تۇرىدۇ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە تەشەببۇسكارلىقتا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەھۋالنى ھەقىقىي ئىگىلەش، تەپسىلىي ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى كۆپ ۋاقىتلاردا ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىش، تەكلىپ بېرىش، باشقا ئورۇنلارغا ماسلىشىش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ، خىزمەت جەھەتتە پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈنمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇش، كۆڭۈلدە سان بولۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتى ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بىۋاسىتە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاش، ئۇلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى ئۇقۇش، ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسى، خىزمەت پوزىتسىيىسى مەسىلىسى بولۇپ، كۈندىلىك خىزمەتتە كەم بولسا بولمايدۇ.

تەكشۈرۈش مەزمۇنى جەھەتتە، مەزمۇنى قىممەتكە ئىگە ھەم مۇھىم بولۇش كېرەك؛ ۋاقىت ئۈنۈمى جەھەتتە دەل ۋاقتىدا بولۇش، ئالدىدا بولۇش، شەيئىلەرنىڭ يۈزلىنىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاش كېرەك؛ تەكشۈرۈش شەكلى جەھەتتە ھەر خىل بولۇش، مەزمۇن بويىچە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈش، نۇقتىنى بەلگىلەپ تەكشۈرۈش، بىرلىشىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەرنى جانلىق قوللىنىش؛ تەكشۈرۈش ۋاسىتىسى جەھەتتە، ئىمكان قەدەر ئىلغار بولغان ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا ۋاسىتىسىنى قوللىنىش ھەم باشقا پەنلەرنى، باشقا ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئەينەن قىلىش كېرەك. تەكشۈرۈش بىلەن تەتقىقاتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە، سىياسەت چىقىرىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك خىزمەت قىلىش كېرەك.

(7) خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن پائال ماسلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ يەككە - يېگانە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق بولغاندا خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بەلگىلىگەن. پىكىر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يول ئېچىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىش، پائال قاتناشتۇرۇش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان ئورۇنلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان، جۈملىدىن مەركىزىي كومىتېت ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، ھەر قايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە رايونلار ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە نۇرغۇن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىدى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە نامراتلارنى يۆلەش، مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،

ناھايىتى كۆپ ئەمەلىي ئىش قىلدى.

ھەرقايسى تارماقلار بىلەن ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالاقىدار خىزمەتلەر داۋامىدا، ئۈنۈملۈك پىلانلارنى ئويلاپ چىقالايدىغان، قىممەتكە ئىگە تەكلىپلەرنى بېرەلەيدىغان، يولغا قويۇشقا بولىدىغان لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇش كېرەك.

(8) خىزمەتتىكى رەھبەرلىك جەھەتتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە چىڭ تايىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى لاياقەتلىك ياردەمچى ۋە مەسلىھەتچى بولۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولۇشى كېرەك. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار چوڭ - چوڭ قارارلارنى چىقاردى، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى، مەركىزىي كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداشلار يەنە كۆپ قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلىدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورغۇن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ، داۋاملىق يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە قىلچە ئىككىلەنمەستىن چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى چوڭ - چوڭ فاڭجېنلىرىنى، سىياسەت، تەدبىرلىرىنى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى بۇ جەھەتتە پۈتۈنلەي پاسسىپلىق بىلەن ماسلاشماسلىقى، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ يوليورۇق، قارارلىرىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقى، شۇنداقلا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە ئۆلۈك ھالدا تەتبىق قىلماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە، كۈچلۈك خىزمەت ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، رەھبەرلەرنى ئەمەلىي ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك؛ كونكرېت پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ، رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ تەدبىر كۆرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك. بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە، ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئەترابلىق ئويلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، مەسلىھەتچىلىك - ياردەمچىلىك رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئىدىيە، تەشكىل ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، ئۇنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، يەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي

ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش.

يۇقىرىدىكى تەجرىبىلەر ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىزدە مۇھىم يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە. ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى پۇرسەت نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويىدۇ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنىڭ ئورنىتىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، شۇنداقلا زىممىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ۋە نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتكە ئاساسلانغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل ئىچىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلار: پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق ئورۇنداش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تولۇق ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە كونكرېتلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قاراپ مېڭىش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزلىنىپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە پائال ئىشقا قويۇش، ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ياردەملىشىش - ھەمكارلىشىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. بۇ شەرەپلىك ۋە مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنداش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئوبدان ئۆگىنىش، ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئىگىلىشى ۋە تەتبىق قىلىشى ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، غەيرەتكە كېلىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈپ قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشى كېرەك.

(بۇ ماقالە يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى)

# يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي كادىرلار خىزمىتى

## — مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن ئومۇمىي بايان

ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى لى يۇنچاڭ

بۇنىڭدىن بىر نەچچە ۋاقىت ئىلگىرى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە بېيجىڭدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، 90 - يىللاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. يىغىن مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى يولداش خۇجىنتاۋ جۇڭنەنخەيدە يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ئىككى بۆلۈم، بىر كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېزلىتىلگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش كېڭەيتىلگەن، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كاتتا قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، بەرپا قىلىش جىددىي زۆرۈر بولغان ۋەزىيەتتە چاقىرىلدى. مىللەتلەر مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر مەملىكىتىمىزدىكى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ۋە كادىرلار خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، باشتىن - ئاخىر ئېغىشمىغان ھالدا ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كاتتا قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، بەرپا قىلىشنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى، تەرەققىياتىنى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى زور تەدبىر، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ دەپ بىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، مىللەتلەر خىزمىتى بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئائىت سىياسەت، تەدبىر ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بۇلتۇر يىل بېشىدا، مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، 1990 - يىللاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى

خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتتى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا قارىتىلغان فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. نۆۋەتتە، پارتىيە ئىشلىرى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خېلى كۆلەمگە ئىگە بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى شەكىللەندى. كادىرلار سانى 1950 - يىلدىكى 10 مىڭدىن كۆپەيتىپ، تەرەققىي قىلىپ 1992 - يىلى 2 مىليون 284 مىڭ كىشىگە يەتتى.

پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، مەيلى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش مەزگىللىرىدە بولسۇن، پارتىيىمىز بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولىدىغان، خەلق بىلەن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرىدىغان زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈردى، ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى بولغان ئىدى، ھېلىمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش-نىڭ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئامىلى بولۇپ كەلمەكتە. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندا، مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش، بۇ خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تىرىشىپ يېڭى ئىلگىرىلەشنى ۋە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجادىي يوسۇندا تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگوچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى ھەمدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن ھەممىنى پەس، ئەقىدىرداش، قەلبداش بولىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يېتىشتۈردى. مانا بۇ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىدىكى تۈپ سەۋەب. يولداش جياڭ زېمىن ئۇقتىلىق ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلمىسا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى ھەم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان رايونلار قاتارىغا كىرىدۇ. ھالبۇكى بۇ رايونلارنىڭ بايلىقى مول بولۇپ، ئاھالىسى زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىگە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كەڭ كادىرلارنىڭ ئاممىنى يېتەكلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىگە، جاپاغا چىداپ ئىشلىشىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، يېڭى ۋەزىيەتتە، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايدىغان، ئامما بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىي تاپقۇزۇشتىكى ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

يولداش خۇ جىنتاۋ سۆزىدە مۇنداق دېدى: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىككە، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارالىق مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئىچكى مۇھىتقا قويۇپ تونۇشىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى توغرا تونۇۋېلىشىمىزدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن بۇنى چوڭقۇر ۋە ئىلمىي ئاساستا تەھلىل قىلغاندىلا ئاندىن تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىپىسىنى تولۇق تونۇۋالالايمىز. ئوخشاشلا بۇ يېڭى ۋەزىپىنى ئورۇندايمىز دەيدىكەنمىز، يەنە ئۈزلۈكسىز ئىزلىنىشىمىز، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىمىز، ھەقىقىي تونۇپ ئەمەلىي ئىشلىشىمىز، يېڭىلىق يارىتىشىمىز، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنداق تونۇشقا كېلىشتى: نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشتە تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. ھازىرقى باسقۇچتا دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى كەسكىن تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت مەسىلىدە بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنمەكتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خېلى بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ئىقتىساد ياخشىلانمىسا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ھەر خىل چارە - ئامىللار بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشى بىر تۈپ مەسىلە، كونا مەسىلە ھەم جىددىي بولۇۋاتقان يېڭى مەسىلە، چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تىك يۆنىلىش بويىچە قارىغاندا تەرەققىيات نەتىجىلىرى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، لېكىن توغرا يۆنىلىش بويىچە قارىساق پەرقلەر يەنىلا زور. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ،

تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى، پەرقلەرنى ئازايتىشى، نامرات ۋە قالاق ھالەتتىن قول ئۈزۈپ، ئورتاق گۈللىنىشكە قاراپ ئاتلىنىشى لازىم. تەرەققىيات ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلمىغاندا، ئالغا باسمىغاندا، باشقا ئىشلاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئاللاپ ئۈستۈرۈش خىزمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئالاھىدىلىككە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈپ چىقىش يولى تەرەققىي قىلىشتا، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ كادىرلاردا. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەشـكىلىي كاپالىتىدۇر، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۆز نۆۋىتىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كەڭ ئورۇن ھازىرلاپ بېرىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە ماسلىشىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش كېرەك. تەرەققىي قىلىش، ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى چىڭ تۇتقان ھالدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئاللاپ ئۈستۈرۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھ قىلمىغاندا چىقىش يولى تاپقىلى بولمايدۇ، ئېچىۋەتمىگەندە ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشكە يۈرەكلىك ئاتلىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللانغان، دادىللىق بىلەن ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشكە ئاتلىنالايدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى بولغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يەنە مۇنداق تونۇشقا كەلدى: تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە رىقابەت مېخانىزمىنىڭ يېڭى تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈشنى پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش لى دېجۇ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش جاۋ يەننىيەنلەر مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ھازىرقى باسقۇچتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر يېڭى شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئاللاپ ئۈستۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتىگە رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش ھەم زۆرۈر بولماقتا، لېكىن رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈشتە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى رىقابەت مېخانىزمى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت، بۇ خىل رىقابەت مېخانىزمى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىگە تەلەپلەرنى قويىدۇ، بىر تەرەپتىن كادىرلار تۈزۈمىگە رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش كېرەك، بۇ مۇقەررەر يۈزلىنىش، بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىمىز بۇ خىل رىقابەت مېخانىزمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىز

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، رىقابەت مېخانىزمى بىلەن مىللەتلەر سىياسىتىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، سىياسەت جەھەتتە «بىر تاياقتا ھەيدەش» بويىچە ئىش كۆرمەسلىكىمىز كېرەك. ھەم ئۇلارنى داداللىق بىلەن رىقابەتكە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز، ھەم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قارىتا بەزى ئاسراش سىياسەتلىرىنى قوللىنىشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالاھىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش چارە - تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا تولۇق پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. كۆپ يىللاردىن بۇيان بىز بۇ جەھەتلەردە بەزى ئۈنۈملۈك چارىلەرنى تېپىپ چىقتۇق. مەسىلەن، تەرەققىي تاپقان رايونلاردا شىزاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، بەزى ئالىي مەكتەپلەردە شىزاڭ سىنىپى، شىنجاڭ سىنىپى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەييارلىق سىنىپلىرىنى قۇردۇق، گۈيجۇ قاتارلىق جايلاردىكىگە ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەكتىپى قۇرۇپ، ھەر خىل ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تۈردىكى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سىنىپلىرىنى ئاچتۇق ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشكە تەشكىللىدۇق، مەركىزىي كومىتېتتىكى ئورگانلار ۋە تەرەققىي تاپقان جايلار بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق ياكى ۋەزىپىسى بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتۇق، ۋەھاكازا.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى مەسىلىسى، بۇ قېتىمقى يىغىندا كۆپچىلىك نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە بولدى. كادىرلار قوشۇنى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى، نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، مۇۋاپىق بولمايۋاتىدۇ، ئىقتىسادنى ھەقىقىي بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان كادىرلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ۋە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپىگە تازا ئويغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ ھال ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ. ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ كادىرلار قۇرۇلمىسى مەسىلىسىدە ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇنى «ئۈچ كۆپ بولۇش، ئۈچ ئاز بولۇش» قا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: يەنى سىياسىي ساھەدىكى كادىرلار كۆپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى كادىرلار ئاز؛ مەمۇرىي كادىرلار كۆپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ئاز؛ يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلار كۆپ، سودا - سانائەت، ئىقتىساد - سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلار ئاز بولۇش، كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانى بار كادىرلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىكى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەم تىببىي داۋالاش سىستېمىلىرىغا مەركەزلىشىپ قېلىۋاتىدۇ، سانائەت، ئىقتىساد - سودا، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق تارماقلاردا بولسا نىسبەتەن ئاز. خۇددى يولداش خۇ جىنتاۋ ئېيتقاندەك، بىز قوشۇننى زورايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قۇرۇلمىنى ياخشىلاشقىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، ھازىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا تۈرلىرى تولۇق ئەمەس، خۇسۇسەن ئالىي دەرىجىدىكى تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، بولۇپمۇ پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇشقا پىششىق كادىرلار كەمچىل، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، تۈرلىرى تولۇق بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى بولغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئاندىن تەرەپلىك راۋاج تاپالايدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى دادىل تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش — بۇ قېتىمقى يىغىندا كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلگەن يەنە بىر قىزىق نۇقتا بولدى. يولداش خۇ جىنتاۋ ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلەشكەن ۋاقىتتا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى داۋاملىق زورايتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، نۇقتىلىق ھالدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ھەم ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ۋە كادىرلارنىڭ يېڭى بىلەن كونىلار ئالمىشىش ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشىش كېرەك. ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ھەم ھازىرقىدا چىڭ تۇرۇش ھەم كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاش، مەقسەتلىك ھالدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈپ، شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە دادىللىق بىلەن نىسبەتەن يۇقىرى قاتلاملىق رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش لى تېلىن ھەم مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا، جۈملىدىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بەزى تارماقلىرىغا خىزمەتكە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىشلىرىدىكى سىياسەت بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇشلارغا قاتناشتۇرۇپ، رەھبەرلىك خىزمىتى ئەمەلىيىتىدە تەجرىبە ھاسىل قىلىش ۋە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

كۆپ يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى مۇئەييەن كۆلەمگە يەتتى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئىلگىرىمۇ تۇتۇلغان ئىدى، ھازىرمۇ تۇتۇلۇۋاتىدۇ، بۇندىن كېيىن يەنە تۇتۇلۇشى، تاكى ئىشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشالايدىغان، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ بىر كاتتا قوشۇنى ھەقىقىي شەكىللەنگىچە تۇتۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئەڭ زور ۋەزىپە ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ پەقەت سانىلا بولۇپ، ساپاسى يۇقىرى بولمىسا، جەڭگىۋارلىق كۈچى بولمايدۇ، خوجايىن بولغان تەقدىردىمۇ خوجا بولالمايدۇ، ئىش پۈتتۈرەلمەيدۇ، بۇ ھەم پارتىيە ئىشلىرىغا پايدىسىز، ھەم مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز، شۇڭا بۇندىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە ساپاسى جەھەتتىن يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش لازىم، ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ھەم پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كەسپىي قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشالايدىغان قىلىش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالغىلى، زاپاس كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلغىلى، ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار مەنبەسىنى زورايتقىلى بولىدۇ.

ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىش مەسىلىسى، كۆپچىلىك ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، رايونلار ئارا

تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرى باشقا جايلارغا كېتىپ قېلىش، مەبلەغ سىرتقا چىقىپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولماقتا. بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان چەكلەش ئامىلىغا ئايلىنىپ قالدى. دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىتىدە تەرەققىي تاپقان رايونلار ئىختىساس ئىگىلىرى، مەبلەغ، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا ياردەملىشىپ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە، نامرات جايلاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرى بارغانسېرى سىرتقا ئېقىپ، تەرەققىي تاپمىغان رايونلار تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ياردەم بېرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەكتە. ئىختىساس ئىگىلىرى بولمايدىكەن، تەرەققىي قىلىشتىكى ھاياتىي كۈچىمىزنى ئاشۇرىمىز دېيىش قۇرۇق گەپ، بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش لى دېجۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچ خىل كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشى لازىم: بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى؛ ئىككىنچى، خەنزۇ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭمۇ، خەنزۇ كادىرلارنىڭمۇ بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان ئۆز ئالدىغا رولى بار؛ ئۈچىنچى، مىللەت نەزەرىيىسىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملار، جۈملىدىن خەنزۇلار ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشى. بۇ جەھەتتە ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇپ يېتىشتۈرۈش زۆرۈر. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا پۇل بېرىشمۇ يۆلەش، ماددىي نەرسە بېرىشمۇ يۆلەش ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپرەك يېتىشتۈرۈش، كۆپرەك يەتكۈزۈپ بېرىش ئەڭ زور يۆلەشتۇر، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈپتىن ئېيتقاندا يەنىلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تۇتۇپ قېلىش ۋە جەلپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلەرنى ھەم ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. كادىرلارنى «ئۆتۈلەشتۈرۈش» فاڭجېندا، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش كېرەك ھەم ساپاغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئاچتى، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى

گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىدا ۋە بېيجىڭ شەھىرىدە ۋەزىپىسى بىلەن چېنىقىشقا تەشكىللىدى، بۇ چارە - تەدبىرلەر ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ زاپاس قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈشكە قارىتىش كېرەك، بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئىز باسارلارنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بىر ستراتېگىيىلىك تەدبىر، تاللاپ ئۈستۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىش، تاللاپ ئۈستۈرۈش خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قاراپ مېڭىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۈستۈرۈش، تەكشۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، چارىسى شەكىللەندى، بۇندىن كېيىن ئاساسەن يەنىلا مۇشۇ ئۇسۇلغا تايىنىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇلارلا كۇپايە قىلمايدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قاراپ مېڭىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، يەنە يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: كېيىنكى قەدەمدە دۆلەت خىزمەتچىسى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ، رىقابەت مېخانىزمى تەدرىجىي ھالدا كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە كىرگۈزۈلىدۇ، رىقابەتتىكى ئاشكارا باراۋەر بولۇش پرىنسىپى بىلەن ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن كەلگۈسىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۈستۈرۈش خىزمىتى بەزى يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، شۇڭا بۇ جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۈستۈرۈش، تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، رىقابەت مېخانىزمىنى قانداق كىرگۈزۈش، ئۇنى قانداق قىلىپ ئاز سانلىق. مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۈستۈرۈش، يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق قىلىش جەھەتلەردە چوقۇم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، توغرا تونۇش ئاساسىدا، پائال ئىزلىنىپ، ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بەزى ھەقىقەتەن يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۇسۇل - چارىلەرنى تەدرىجىي تېپىپ چىقىشىمىز لازىم.

(مەريەم ئابدۇللا ت)

## ئەڭ بۇرۇن تۈگمە ئىشلەتكەن مىللەت

قەدىمكى رىملىقلار دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن تۈگمە ئىشلەتكەن مىللەت ھېسابلىنىدۇ. مىلادىدىن 4000 يىل ئىلگىرىلا قەدىمكى رىملىقلار تاشتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ ياساپ چىققان تۈگمىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. قەدىمكى رىملىقلار باشتا كىيىملىرىنى بىزەك يىڭنە بىلەن ئىبنىۋالاتتى. 13 - ئەسىرگە كەلگەندە، تۈگمە بىزەك يىڭنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇ چاغلاردا، كىشىلەر تۈگمىنى رەخت قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسالغان ھالقا بىلەن قادىماستىن، كىيىم - كېچەكلىرىگە تۆشۈك ئېچىپ قادايتتى. بۇ يېڭىلىق تۈگمىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئۇ چاغلاردا، كىيىم - كېچەكلەرنى كىشىلەرنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن لايىھىلىنىدىغان بولغاچقا، تۈگمە ناھايىتى تېزلا مودىغا ئايلانغان.

(قاھار.ت)

**ئۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ لايىھىسىنى تەييارلىغۇچىلارنىڭ بىرى، ئىلگىرى ئۈچ ئالىي مەكتەپنى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان. 80-يىللاردا بېيجىڭ داشۆ، جۇڭگو خەلق داشۆسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن قوشۇمچە پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ كۆپ خىل ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشىردىن چىققان. ئۇ ھەم مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپ ئەمەلىيەتچى ھەم مىللەتلەر قانۇنشۇناسلىقى تەتقىقاتىدىكى يول ئاچقۇچى.**

## شى جۈن:

# ھەم ئەمەلدار، ھەم ئالىم

ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى جاڭ رۇ

ھەم ئەمەلدار بولۇش، ھەم ئىلىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇشكۈل بىر ئىش.

ئەمەلدارلىقنى ئوبدان قىلىپ، ئىلىمنى ئوبدان ئىگىلەپ، بۇ ئىككى تەرەپنى بىر - بىرىگە چاقنىتىپ تۇرغۇدەك قىلىش تېخىمۇ مۇشكۈل.

شۇنداق بولسىمۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق، مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ۋە 6 -، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان يولداش شى جۈن مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدە ئېتىراپ قىلىنغان «ئىككى ماكانلىق» شەخستۇر. ئۇ ئىچكى موڭغۇلدا 22 يىل، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا 14 يىل ئىزچىل تىرىشىپ، ھەم ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن، ھەم ئىلىم ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان، ھەم مول مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

### ئالدى بىلەن پروفېسسورلۇق تەكلىپنامە-سىنى قوبۇل قىلىش، كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىش

1984 - يىلدىن باشلاپ، يولداش شى جۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگو خەلق داشۆسى چىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئورنى، بېيجىڭ داشۆ قانۇن فاكۇلتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتۇرىيىسى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى قانۇن ۋە تارىخ فاكۇلتېتلىرىدا قوشۇمچە پروفېسسورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىنغان.

يەنە 1984 - يىلدىن باشلاپ، يولداش شى جۈن بېيجىڭ داشۆ قانۇن فاكۇلتېتىدىن مىللەتلەر قانۇنى بويىچە تۇنجى ئاسپىرانت قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭغا قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزلىنىشنى ئاساسىي تەتقىقات يۆنىلىشى قىلغان. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتۇرىيىدىن سىياسەت ئىلمى نۇقتىسىدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاسپىرانتتىن بىرنى قوبۇل قىلغان. بۇ ئىككى نەپەر ماگىستىر يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ زور ئۈمىدىنى يەردە قويماي، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

قىزىقارلىقى شۇكى، شى ئەپەندى 1985 - يىلى 1 - ئايدا بېيجىڭ داشۆنىڭ قوشۇمچە پروفېسسورلۇق

ۋەزىپىسىنى ئۆتەش توغرىسىدىكى تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. شۇ يىلى 10 - ئايدا، يەنە بېيجىڭ داشۆ تولۇقلاپ تارقاتقان 1948 - يىلى قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغان.

ئەسلىدە، يولداش شى جۈن يۇرتى خوتەندە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە، ياپون باسقۇنچىلىرى خوتەنگە بېسىپ كىرگەن. ئۇ ئايلىنىپ چوڭ ئارقا سەپ چۇڭچىڭغا بېرىپ، 1945 - يىلى كۈنمىڭدا تەسىس قىلىنغان غەربىي - جەنۇب بىرلەشمە داشۆسىنىڭ سىياسەت فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، 1946 - يىلى غەربىي - جەنۇب بىرلەشمە داشۆسى شىمالغا كۆچۈرۈلگەن، شى جۈن بېيجىڭ داشۆ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ سىياسەت فاكۇلتېتىغا بېرىپ ئوقۇغان. شۇ يىلى قىشتا، ئۇ دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. 1948 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن ھەمدە بېيجىڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى ۋە شىمالىي جۇڭگو ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. شۇ يىلدىكى «19 - ئاۋغۇست» گومىنداڭ چوڭ تۇتقۇنىدا شى جۈن تۇتۇشقا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاتلە ئادەمنىڭ بىرى ئىدى. بېيجىڭ داشۆنى پۈتتۈرۈشكە بىر يىل قالغاندا پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يولداش شى جۈن ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ بېيجىڭدىن ئايرىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئازادلىق رايون خېبېيدىكى بوتوۋ بازىرىغا كەلگەن.

بۇ بىر قارارىدا خېلى كۆپ ئوقۇغۇچى بار ئىدى 80 - يىللارغا كەلگەندە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تولۇقلاپ بېرىشنى قارار قىلدى. شى جۈن ئەپەندى گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا يېشى 60 تىن ھالقىغان ئىدى.

1949 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە يولداش شى جۈن ئالىي مەكتەپتە 30 يىل خىزمەت قىلغان. ئۇ شىمالىي جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي داشۆسى، بېيجىڭ رۇس تىلى شۆيۈەنى ۋە ئىچكى موڭغۇل داشۆسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئالىي مەكتەپنى قۇرۇشقا قاتناشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىچكى موڭغۇل داشۆسىدە تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ يەردە 22 يىل تۇرغان.

## «مىللەت قانۇنشۇناسلىقى»نى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغۇچى

جۇڭگونىڭ قانۇنشۇناسلىق سىستېمىسىدا، «مىللەت قانۇنشۇناسلىقى»دىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر يېڭى پەن بولۇشقا تېگىشلىكمۇ - تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟

يولداش شى جۈن 1984 - يىللىق «جۇڭگو قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىدا تۇنجى بولۇپ مىللەت قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۇقۇمىنى (ئەينى ۋاقىتتا «مىللەت قانۇن - تۈزۈم ئىلمى» دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلغان) ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىلمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى» دېگەن ماقالىدە، يولداش شى جۈن: «مىللەت قانۇن - تۈزۈم ئىلمى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ قانۇنشۇناسلىق سىستېمىسىدىكى بىر تارماق» دېگەن ئىدى.

شى جۈننىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىدا كۆرۈلىدىغان ئۈچ خىل ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي ھادىسە مىللەت، سىنىپ ۋە دۆلەتتىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان، دۆلەت بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان دۆلەت قانۇنى، جىنايى ئىشلار

قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە ئىقتىساد قانۇنى قاتارلىقلار بار؛ يەنە دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان خەلقئارا قانۇنمۇ بار. بۇ ئىككى خىل قانۇن - تۈزۈم ئاللىقاچان ھەرقايسى دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىق ساھەسىنىڭ ئومۇمیۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. ئەمما، قانۇن - تۈزۈملەر ئىچىدە، ئەمەلىيەتتە يەنە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان بىر خىل قانۇن - تۈزۈممۇ بار. ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىمىدى.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ مىللەتتىن تەشكىللەنگەن، ھەممىسىدە قانداق قىلىپ مىللىي مۇناسىۋەتنى ئوبدان تەڭشەش مەسىلىسى بار. ئۇۋەتتە، مەيلى قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىچكى قىسمىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە مىللەتلەر بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا چىگىش ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەت پەيدا بولۇۋاتماقتا. بۇ قانۇنچىلىق ساھەسى ۋە سىياسەت ئىلمى ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بىراق مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنى تەتقىق قىلىدىغان مىللەت قانۇنشۇناسلىقى ئالدى بىلەن ئېلىمىزدە شەكىللەندى ۋە راۋاجلاندى.

1979 - يىلى، يولداش شى جۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ خىزمەت قىلدى. ئۇ مىللىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىش نىشانىنى تېز ۋاقىتتا مىللىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يۆتكىدى. ئۇ مىللەت قانۇنشۇناسلىقىنى شۇنىڭدەك پۈتكۈل جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، ھەم قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قانۇنچىلىق ئىلمىدىكى ئۇسۇللاردىن، ھەم سىياسەت نۇقتىسىدىن، سىياسەت ئىلمىدىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلانغان، مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى تەتقىقات ۋە كۆزىتىش يولداش شى جۈننىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ 1984 - يىلدىن باشلاپ ئۆزى تۈزگەن «مىللىي قانۇن - تۈزۈم تەتقىقاتى»، «مىللىي قانۇن - تۈزۈم توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ۋە «مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى»دىن ئىبارەت تۆت مەخسۇس ئەسەرنى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلغان ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. مىللەت قانۇنشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە نەزەرىيىۋى ئىزلىنىش ئېلىپ بارغان ۋە ئىلمىي ماتېرىياللارنى توپلىغان.

يولداش شى جۈن مىللەت قانۇنشۇناسلىقى تەتقىقات جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىشنى ئەڭ بۇرۇن تەشەببۇس قىلغۇچى. 1991 - يىلى 6 - ئايدا، جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى مىللەتلەر قانۇنشۇناسلىقى تەتقىقات جەمئىيىتى بېيجىڭدا قۇرۇلۇپ، ئۇ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى بولۇپ سايلانغان.

## «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» لايىھىسىنى تەييارلىغۇچىلارنىڭ بىرى

ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئۇزاق مۇددەت مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن يولداش دىي دۇنكۈن سابىق باشلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: يولداش شى جۈن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمەلىي خىزمەتتە ئۇ ھەم تەشكىللىگۈچى ھەم ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىگۈچى. ئۇ ھەرگىزمۇ بېشىنى چۆكۈرۈۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئىلىم ئىشى بىلەنلا بولىدىغان ئادەم ئەمەس.

يولداش شى جۇڭنىڭ مىللەتلەر قانۇنشۇناسلىقىغا بولغان تەتقىقاتى دەل ئۇنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا ئىشلەۋاتقان ئەمەلىي خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەچكە، ئۇنىڭ تەتقىقاتى ناھايىتى كۈچلۈك رېئاللىققا ۋە يېتەكچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

يولداش شى جۇڭ مىللىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتى جەھەتتە مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە. ئۇ ئاساسىي قانۇننىڭ مىللەتلەرگە دائىر ماددىلىرىنى كونكرېت تەييارلاش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشقان ھەمدە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ لايىھىسىنى تەييارلاش خىزمىتى 1954 - يىلدىن باشلاپ سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا، بۇ قانۇننى 1952 - يىلى ئېلان قىلىنغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى ئاساسىدا تەييارلاشقا باشلىغان. 1957 - يىلى 8 - نۇسخىسى تەييار بولغان. 1980 - يىلى تەييارلاش خىزمىتى يەنە قايتىدىن باشلانغان. 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەييارلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلغان. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋۇ لەنفۇ، ياڭ جىڭرېن، لى گۈي، ۋۇ جىڭخۇا يۈن بىيفېڭلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، گۇرۇپپا باشلىقلىقنى ۋۇ لەنفۇ، باش كاتىپلىقنى شى جۇڭ ئۈتىگەن. 1984 - يىلغا كەلگەندە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ماقۇللىغان چاغدا، تەييارلاش نۇسخىسى 30 غا يەتكەن ئىدى.

شى جۇڭ يەنە تۇرغۇن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى، ئايرىم يولغا قويۇلىدىغان نىزامىنى تەييارلاش خىزمىتىگە شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ باشقا قانۇنلىرىدىكى مىللىي مەسىلىگە چېتىلىدىغان ماددىلىرىنى تەييارلاش ۋە بېكىتىش قاتارلىق ئىشلىرىغا قاتناشقان ۋە ھەمكارلاشقان.

ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، 100 دىن ئارتۇق ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك نىزامىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، ئۇ جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، خۇنەن، يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەي، گەنسۇ، گۇاڭشى ۋە نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان زور مىقداردىكى مۇھىم ماتېرىياللارنى توپلىغان ھەمدە بىر مىليون خەتتىن ئارتۇق تەكشۈرۈش خاتىرىسى ۋە بىر قاتار مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىققان. يولداش شى جۇڭ رىياسەتچىلىك قىلغان، قاتناشقان ۋە ياردەملىشىپ تۈزىتىش كىرگۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامى، نەچچە ئونغا يەتكەن.

بىر خەنزۇ كادىر 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللەتلەر خىزمىتىگە ئۆزىنىڭ مېھرى - شەپقىتىنى يەتكۈزگەن ۋە بارلىقىنى تەقدىم قىلغان. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تۇرغۇن يولداشلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ۋە ئاسرىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ نېمىدېگەن قىممەتلىك - ھە!

## «مېنىڭ مال - مۈلكىم پەقەت 10 مىڭ كىتابتىنلا ئىبارەت»

بىر تەرەپتە ئالدىراش ھۆكۈمەت ئىشلىرى، بىر تەرەپتە جاپالىق ئىلمىي تەتقىقات، بىرسى ھەرىكەتتىكى

تەلەپ قىلسا، بىرسى جىمجىتلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، قانداق قىلغاندا بۇ ئىككى تەرەپنى ماسلاشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە پايدا يەتكۈزىدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ يولداش شى جۇن «ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئاچقۇچ» دەپ قارىغان. ئۇ كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىدىغان ئايىغى چاققان كىشى. ئۇ ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ۋاقىت چىقىرىپ، ۋاقىتتىن پايدىلىناتتى. مانا بۇ شى جۇن ئەپەندىنىڭ ھەقىقىي ماھارىتى.

شى جۇن 1986 ـ يىلىدىن باشلاپ چوڭ تىپتىكى بىر يۈرۈش كىتاب «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت مەجمۇئەسى» (جەمئىي 30 كىتاب، تەخمىنەن 4 مىليون خەت كېلىدۇ)نى تۈزۈشكە كىرىشكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرگەن ئورىگىنالى بۇ ساندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ. شى جۇن ھېرىپ ـ چارچىشىغا قارىماي بۇ كىتابنى تۈزۈشتە، ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى توپلاپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قىياپىتىنى شۇنىڭدەك ۋەتىنىمىزگە، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇلتۇر بۇ بىر يۈرۈش كىتاب نەشىردىن چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.

كىشىلەر ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قالسا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي «مېنىڭ مال مۈلكۈم پەقەت 10 مىڭ كىتابتىنلا ئىبارەت» دەيتتى.

## كۆپ ئەرگە تېگىش ئادىتى

شارپالار نېپالدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت، تەخمىنەن 80 مىڭ ئاھالىسى بار، تارىختا ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى شارپالار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۆزئارا تويلىشىپ، ئۇرۇق-تۇغقان بولۇشقان، شۇڭلاشقا تىل، مەدەنىيەت، دىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە شىزاڭدىكى شارپالار بىلەن ناھايىتى يېقىن.

ئۇلاردا بىر ئەر كۆپ خوتۇن ئالىدىغان ئىش كام ئۇچرايدۇ. ئەكسىچە بىر ئايال كۆپ ئەرگە تېگىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۆيدىكى ۋەجنى چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، كۆپىنچە ھاللاردا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلەيلەن بىر خوتۇن ئالىدۇ. ئەگەر بىر ئۆيدە ئۈچ ئوغۇل بولسا، ئاتا-ئانا ئادەتتە ئىككىنچى ئوغلىنى راھىبلىققا چىقىرىۋېتىدۇ. ئەگەر تۆت ئوغۇل بولسا ئۇنداقتا ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىدۇ. ئىنىسى ئاكىسىدىن تول قالغان خوتۇننى ئالسا، سىڭلىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاچىسىنىڭ ئېرىگە تەگسە بولىدۇ.

شارپالاردا مۇھەببەتلىشىش ئەركىن بولىدۇ، ھەتتا توي قىلىشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئائىلە توي مۇناسىۋىتىنىڭ تۇنجى باسقۇچى دەپ قارىلىدۇ. ياشلار ئۆزئارا لايىق كۆرۈشكەندىن كېيىن، يىگىت ئەلچىدىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تۆت كوزا گۈرۈچ ھارىقى كىرگۈزىدۇ. ئەگەر قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھاراقنى قوبۇل قىلغان بولسا، توي رەسمىي پۈتۈشكەن بولىدۇ، بۇ چاغدا يىگىت ئوچۇق ئاشكارە ھالدا قىزنىڭ ئۆيىگە بارسا بولىدۇ. شارپالارنىڭ ئاجرىشىشمۇ ناھايىتى ئاددىي. ئايال ئاجرىشىپ قايتىدىن ئەرگە تېگىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۈچ ـ تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدا بىر تال يامبۇك چىۋىقنى سۇندۇرۇۋەتسىلا بولىدۇ. تول خوتۇن بىر يىل قارىلىق تۇتقاندىن كېيىن قايتىدىن ئەرگە تەگسە بولىۋېرىدۇ.

# دۇڭشياڭ مىللىتى ۋە دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى

خەلىل ئەلى

دۇڭشياڭ مىللىتىنىڭ نوپۇسى 373 مىڭ 872 (1990 - يىلدىكى سان) بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسىگە جايلاشقان. قالغان بىر قىسمى گەنسۇنىڭ گۇاڭخې، خېجېڭ، لىنشيا قاتارلىق ناھىيىلىرىگە ۋە شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە تارقاق جايلاشقان.

## ئېتنىك مەنبەسى

دۇڭشياڭ مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى 13 - ئەسىردە يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي - شىمال رايونىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ بوزيەر ئېچىش پائالىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە: چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى غەربكە قىلغان يۈرۈشىدە غەلىبە قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى «غەربىي يۇرتلۇقلار» دەپ ئاتالغان غەربىي دىياردىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئەسكەرلەرنى ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ئەسىرگە ئالغان. كېيىن بۇ غەربىي يۇرتلۇقلار موڭغۇل ئارمىيىسى بىلەن بىرگە شەرقتىن غەربكە كەلگەن. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى غەربىي شيا سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر قىسىم موڭغۇل سەركەردىلەر قوماندانلىقىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى قالدۇرۇپ قويغان. بۇ قوشۇن ئىچىدىكى ئۇيغۇر سەركەردە، ئەسكەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا لىنتاۋ، خېجو ۋە خېجۇنىڭ شەرقىدىكى دوڭشياڭ رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان دۇڭشياڭ رايونىدا تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بۇ بىر بۆلۈك ئىسلام دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان «غەربىي يۇرتلۇقلار» يەرلىك خۇيزۇ، خەنزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋردە ئۇزاق مۇددەت ئارىلىشىش ئارقىلىق دۇڭشياڭ مىللىتىنى تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندۈرگەن.

دۇڭشياڭلار ئىلگىرى ئۆزلىرىنى «سارتلار» دەپ ئاتىغان. سارت — موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «سېرىق رەڭلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەلكىم دۇڭشياڭلارنىڭ كۆزىنىڭ ۋە چېچىنىڭ



سېرىق بولۇشىدەك بەدەن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇش مۇمكىن.

## تىل يېزىق

دۇڭشياڭلارنىڭ تىلى بار، يېزىقى يوق. تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. دۇڭشياڭ تىلىدا موڭغۇلچە سۆز - ئىبارىلەر ناھايىتى كۆپ، ئوخشاش تىل ئائىلىسىدىكى باشقا تىللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۇڭشياڭ تىلى لېكسىكا ۋە گىرامماتىكا جەھەتتە قەدىمكى موڭغۇل تىلىنىڭ قائىدىلىرىنى بىر قەدەر كۆپ ساقلاپ قالغان. دۇڭشياڭ تىلى بىلەن تۈزۈ، باۋئەن ۋە شەرقىي يۇغۇرلارنىڭ بەزى يەرلىك شىۋىلىرى ناھايىتى ئوخشاپ كەتكەچكە، ئۇلار ئۆزئارا سۆزلىشەلەيدۇ. ھازىر، دۇڭشياڭلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەر ئىچىدە خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار بارغانسىرى كۆپەيمەكتە.

## دىنىي ئېتىقادى

دۇڭشياڭلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. دۇڭشياڭ مىللىتى ئىسلام دىنىغا مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن ئېتىقاد قىلغان بولماستىن ئەكسىچە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك دۇڭشياڭ مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي گەۋدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يۈەن سۇلالىسى دەۋردىكى غەربىي يۇرتلۇقلار ئىدى. 13 - ئەسىردە دۇڭشياڭ قاتارلىق رايونلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنىي مەدرىسلىرىنىڭ تەربىيە مەركىزى بولۇپ قالغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربىي يۇرتلۇقلار دۇڭشياڭ مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىغان، ھەم ئىسلام دىنىي دۇڭشياڭ رايونىدا يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغاچقا، 18 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىسلام دىنى تەدرىجىي ھالدا دۇڭشياڭ مىللىتىنىڭ ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىغا ئايلىنىپ قالغان.

## ھېيت - بايرام ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى

دۇڭشياڭ مىللىتى بايراملارغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە قىزغىن، «مېھماندوست بولۇشتەك» ئەنئەنىلەرگە ئىگە. ئەگەر دۇڭشياڭلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولسىڭىز، ئائىلە باشلىقى ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، مېھماننى قارشى ئالىدۇ. كەلگەن مېھمان مۇسۇلمان بولۇپ قالسا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ، ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىدۇ. دۇڭشياڭلار چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ئەخلاقلىق - پەزىلەتلىك بولۇشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قاراپ، ئۇنى ياشلارنىڭ كاتتا بولۇشىدىكى ئەقلىي، ئەخلاقىي ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ. ئائىلىدە ياشلار چوڭلارغا چاي ئۇتقاندا ياكى تاماق ئېلىپ كىرگەندە قوش قوللاپ سۇنىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بولسا ئۇلارغا ئۆينىڭ ئۆرىسىدىن ئورۇن بېرىلىدۇ. تاماق يېگەندە چوڭلار ئالدى بىلەن تاماققا ئېغىز تەككۈزمىگۈچە ياشلار ئېغىز تەككۈزمەيدۇ. ئادەتتە ياشانغان ئاياللار-دىن باشقا ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىر جوزىدا تاماق يېمەيدۇ. دۇڭشياڭلار ئادەتتە ئۆيگە كاڭ سالىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ئالدى بىلەن كاڭغا باشلاپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە پۇراقلىق چېيىنى ئۇتىدۇ. بۇ خىل چاي ئادەمنى ئىشتايىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

دۇڭشياڭلار ئاساسەن، بۇغداي، گۈرۈچ، پۇرچاق، ياڭيۇ قاتارلىقلارنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. تاماق تۈرلىرى ئىچىدە مانتا، لەڭمەن، پوشكال، قوي گۆشى شورپىسى قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

دۇڭشياڭلار كىيىنىش جەھەتتە يەنە نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن: ھاللىق سەۋىيىدىن يۇقىرى ئائىلىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرى چاپىنىنىڭ ياقىسى ۋە كۆينەكلىرىگە چىرايلىق قىلىپ گۈللەرنى كەشتىلىۋالىدۇ. ئادەتتە چاپان-كۆينەكلىرىنىڭ يەڭلىرىنى كەڭرەك تىكتۈرۈپ

ئۇنىڭغىمۇ گۈل كەشتىلىۋالىدۇ. بايرام كۈنلىرى دۇڭشىياڭ ئاياللىرى ئۈچىسىغا گۈل كەشتىلەنگەن كۆينەكلەرنى كىيىپ، چاچ، مەيدىلىرىگە زىبۇزىننەتلەرنى تاقىۋالىدۇ. يىقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ كىيىنىشىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى شۇ يەردىكى خەنزۇ، خۇيزۇ مىللىتىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە قىسمەن ئوخشىشىپ كەتكەن.

ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرى كەڭ، ئۇزۇن، پەرىجە شەكلىدە بولۇپ، بېلىگە پوتا باغلاپ، پىچاق ۋە تاماكا خالتىلىرىنى ئېسىۋالىدۇ. بۇ كىيىملەر موڭغۇل ئەرلىرىنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھازىرقى دۇڭشىياڭ ئەرلىرى بولسا خۇيزۇلارغا ئوخشاش قىسقا چاپان، كەڭ ئىشتان ۋە پىنجەك كىيىپ يۈرىدۇ.

دۇڭشىياڭلارنىڭ بايراملىرى ئىچىدە قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ۋە مەۋلۇت ئايدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بايرىمى بار بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

دۇڭشىياڭلارنىڭ ئەنئەنىۋى توي مۇراسىمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قىز-ئوغۇللار يەتتە-سەككىز ياشقا كىرىشى بىلەنلا ئاتا-ئانىلىرى ئالدىن قۇدىلىشىپ قويىدۇ. 18 — 17 ياشقا كىرگەندە ئاندىن تويى قىلىنىدۇ. تويدىن بۇرۇن چاي ئىچكۈزىلىدۇ. توي كۈنى نىكاھ قىلىنىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەر ۋە قولۇم-قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، تويىنى تەبرىكلەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىنى ئېتىپ، مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

## دۇڭشىياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى

دۇڭشىياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى 1950-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى قۇرۇلغان. 1953-يىلى ۋە 1954-يىللىرى يەنە خېجېڭ ناھىيىسىنىڭ لياڭجياسى، ئالماتو، گەنگو، ئەنجياپو، فۇجيا ۋە خۇلىنجيا قاتارلىق جايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن مىللىي يېزىلار قۇرۇلغان.

دوڭشىياڭ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 1292 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قۇرغاق تاغلىق رايونغا جايلاشقان، پۈتۈن زېمىنى قاتمۇ-قات تاغ-جىلغىلار بىلەن قاپلانغان. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېڭىز يۈزىدىن 2640 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سونەن بازىرىغا جايلاشقان. سونەن بازىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا 15 — 30 كىلومېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا 19 ئۇناش تاغ تىزملىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. دۇڭشىياڭ خەلقى مانا مۇشۇ زېمىندا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرگە 400 نەچچە يىلدىن ئارتۇق بوزيەر ئېچىپ، تەبىئەت بىلەن جاپالىق كۈرەش ئېلىپ باردى.

سانائەت جەھەتتە، دۇڭشىياڭ رايونىدا ئېلېكتىر ئىستانسىسى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى كارخانىسى، سېمونت زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى ۋە خىش خۇمدىنى قاتارلىق زاۋۇت-كارخانىلار قۇرۇلدى. قاتناش-ترانسپورتىدىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، سونەن بازىرىنى مەركەز قىلغان تاشيول تورى بارلىققا كەلدى. ماشىنىلار لەنجۇ، لىنشيا ۋە ناھىيە ئىچىدىكى ھەرقايسى يېزىلارغا بىۋاسىتە بارالايدۇ.

### ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغان دەرەخ

جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئامازون دەرياسى بويىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ئۆسىدىغان بىر خىل غەلىتە دەرەخ بار ئىكەن. بۇ خىل دەرەخ كېچىدە بىر خىل ئاجايىپ يۇراق چىقىرىپ ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرىدىكەن. ئەمما كۈندۈزى ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنى غىدىقلاپ، ئويغۇدىكى ئادەمنى ئويغىتىدىكەن. بۇ جايدىكى كىشىلەر بۇ خىل ياغاچ ماتېرىيالىدىن ياسالغان كارۋات ۋە باشقا ئۆي سايمانلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن.

(ئابدۇقېيۇم. ت)

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ - تېخنىكا مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ھەبىبۇللا خوجا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى تېز تەرەققىي قىلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بىر تۈركۈم ياخشى تىپلار بارلىققا كەلدى، بىراق تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپىنى، كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا چوڭ پەرق بار، بەزى جايلاردا «مائارىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى لازىم» دېگەن فاڭجېن تېخى تازا ياخشى ئەمەللىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

1. كەسىپ - تېخنىكا مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىغا، زۆرۈرلۈكىگە ۋە جىددىيلىكىگە بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس.

2. مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. بىر قىسىم رايونلاردا، ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئوقۇل مائارىپ بولۇپ، كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى ئىنتايىن ئاجىز ھالەتتە ياكى يوق دېيەرلىك ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېزا كەسىپ - تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملىرىنىڭ ئىنتايىن كەمچىل بولۇشتەك ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

3. ئادەتتىكى مائارىپنىڭ ئۆلچىمى ۋە سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش نىسبىتىنى قوغلىشىش خاھىشى مەۋجۇت، بىر قىسىم رايونلاردا، مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىش، ئالىي مەكتەپكە چىقىش «يېزىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش» ئۈچۈن دەيدىغان ھادىسە يەنىلا مەۋجۇت.

4. يېزىلاردىكى كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى ئادەتتىكى مائارىپنىڭ ئەندىزىسىدىن قۇتۇلالمىغان، تېخنىكىسى ياخشى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقالمايۋاتىدۇ، ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچى كەمچىل بولغانلىقتىن، تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇشىنى ھەتتا چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

5. خىراجەت قىس، ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مائارىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ، بولۇپمۇ كەسىپ - تېخنىكا مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىش قەدىمىگە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جەمئىي 2181 ناھىيە (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 301 ئالاھىدە نامرات ناھىيە بار، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئالاھىدە نامرات ناھىيە 143 بولۇپ، 47.5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. مەركەز ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر نامراتلارنى يۆلەشتە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىنتايىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مۇشۇ رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى، نامراتلىقنى ئۆزگەرتىش بىلەن نادانلىقنى ئۆزگەرتىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى پەن-تېخنىكا قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

# شەرەپ مۇنبىرىدە

1993 - يىلى، ژۇرنىلىمىزنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە نەشرلىرىگە مۇشتىرى توپلاش، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئومۇمىي تىراژىنى 20 مىڭدىن ئاشۇرغان خوتەن ۋىلايىتى ۋە 5000 دىن ئاشۇرغان قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەت بويىچە ئىلغار باھالىنىپ، تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكى تۆۋەندىكىچە:

**مەملىكەت بويىچە ئىلغار بولغان ئورۇنلار:**

قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

خوتەن ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسى

خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

**مەملىكەت بويىچە ئىلغار بولغان شەخسلەر:**

**ئابدۇقادىر ئىسمائىل** (خوتەن ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

**ئەركىن داۋۇت** (قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

**كامال تۇرۇپ** (خوتەن ۋىلايەتلىك سېفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى)

**تۆۋەندىكى ئورۇن ۋە شەخسلەر شىنجاڭ بويىچە ئىلغار بولۇپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكى تۆۋەندىكىچە:**

نىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى

يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى

كۈنەس ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى

ئارشاڭ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى

**تۇرسۇن ھېيبۇللا** (قاغىلىق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**مەھەممەت مەمەت** (قاغىلىق ناھىيىلىك سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**تۇرۇپ ئوبۇل** (قاغىلىق ناھىيىلىك پاختا - كەندىر شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى)

# شەرەپ مۇنبىرىدە

ئابدۇۋەلى ئابدۇللا (قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پونكىتىنىڭ باشلىقى)

ئابدۇقادىر قاۋۇل (قاغىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

كېرىمىللا تۇردى (قاغىلىق ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

قۇربان نىياز (گۇما ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

مەمەت توختى (قاراقاش ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

لوۋېشىن (قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

مەتكېرىم مەتسالى (خوتەن شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى)

ئىمىنوۋ (نىيە ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەرجەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئابدۇغېنى (لوپ ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئابدۇغېنى ئىبراھىم (چىرا ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

مەھەممەت توختى (كېرىيە ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئەخمەتجان (خوتەن ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى)

ھېسامىدىن (قاراقاش ناھىيىلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

تۇرسۇننىياز تاش (لوپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكوم شۇجىسى)

قۇربانىياز قادىر (چىرا ناھىيىلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

ئابدۇۋەلى ئىمىن (كېرىيە ناھىيىلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

پەرھات سېيىت (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

ئەسئەت (قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

جۇڭگوچە رەسىم تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى تالىپلار رەسىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئاسايىشلىق» نى تەسۋىرلەش ۋە «خاتىرجەملىك» نى ئىپادىلەش تەكىتلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ جۇڭگونىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى، تامغا ئويمىچىلىقى، شېئىرىيىتى ۋە پەلسەپەسى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشكەن ھەم گىرەلەشكەن بولۇپ، ئاجايىپ بىر ھېكمەت ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇ مەدەنىيىتى ئىچى پىششىق بىلىپ كېتەلمىگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىگە تونۇش بولغان ماي بوياق، سۇ بوياق رەسىملىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئەجىر قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قولايلىقراق بولسىمۇ، تۇردى ئىمىن مىللىي مەدەنىيەت ئايرىمىسى ۋە پەرقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە بەل باغلاپ، جۇڭگوچە رەسىمنى ئۆمۈرلۈك ئىنتىلىش نىشانى قىلغان.

ئۇنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى چىگرا رايونىنىڭ بىپايان زېمىنىدە يىلتىز تارتقاچقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى خام ماتېرىيال قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭىچە نىستىبەتەن مەزمۇن بېغىشلىغان، ئۇنىڭ ماھارىتى مۇكەممەل، تەسەۋۋۇرى مول، تەسۋىرى نەپىس بولغاچقا مەزمۇنى تولىمۇ قابىللىق بىلەن ئىپادىلىيەلىگەن.

ئۇ، قەدىمكى پورترېت تەسۋىرلىرىگە دائىر ماھارەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىپ، غەرب رەسساملىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، رەسىم كۆرۈنۈشىنىڭ پۈتۈنلۈك ئويغۇنلۇقىنى ئىمكان قەدەر گەۋدىلەندۈرگەن ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئوبراز يارىتىش ۋاسىتىلىرىنى ئىزدىنىپ بېيىتقان. ئۇ، فىگۇرا رەسىملىرىنى سىزغاندا زېھىن كۈچىنى كىيىم-كېچەك، كىيىنىش-ياسىنىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مىللىي ئالاھىدىلىك ياكى يەرلىك



# تۇردى ئىمىننىڭ سەنئەت يولى

فېي لۇۋېن

تۇردى ئىمىن يېڭى يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى — قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا رەسىم سىزىشقا ئىنتايىن قىزىقاتتى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىم كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بىراق، ئۆيلىمىغان يەردىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ئۇ، سەنئەت يولىدىن توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە «1-ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ شەرقىي تاغ تار-ماق زاۋۇتىدا ستانوك ئىشچىسى بولغان. ئوڭۇشسىز شارائىت ئىچىدە ئۇ يەنىلا قەيسەر ئىرادە بىلەن رەسىم سىزىش ماھارىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىزلەنگەن ۋە 1972-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا داۋاملىق ئىلىم تەھسىل

# تەرەققىي قىلىۋاتقان

## غۇلجا شەھىرى



يېقىندىن سېلىنغان قاتناش بېكىتى چېگرا سودىسى ۋە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى

غۇلجا شەھىرى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان. ئەزەلدىنبېرى يىپەك يولىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم سودا تۈگۈنى بولغان. بۇلتۇر 1 - ئايدا گوۋۇيۈەن غۇلجا شەھىرىنى ئوچۇق شەھەر قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شەھەر قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ئىقتىساد - سودا، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى.



مال سېتىۋالغۇچى چەت ئەللىك خېرىدارلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى



ئىلى دەرياسىغا يېقىندىن سېلىنغان ساياھەت كېمىلىرى كىشىلەرنى جەلپ قىلدى



مۇستەقىل دۆلەتلەر دوستلۇق سودا كوچىسى



ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ شەھەر قىياپىتىگە يېڭى تۈس [illegible]

# تۇردى ئىمىننىڭ جۇ






كۈپ بازىرى



قەشقەر



قەشقەردە كۈز

## ڭگوچه رەسىملىرىدىن تاللانما



بەخت بۇلىقى



گۈلخان





شەھەردىن بىر كۆرۈنۈش

# ئۈرۈمچىنىڭ يېڭى قىياپىتى



قىزىلتاغ باغچىسى

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا غايەت زور ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا مۇھىتى گۈزەل، تۇرمۇشقا قولايلىق، سودىسى گۈللەنگەن، پاكىزە - ئازادە بىر شەھەر قەد كۆتەردى.



ئۈرۈمچى يەر ئاستى سودا كوچىسى



ئۈرۈمچى سودا مەركىزى



خەلق يولىدىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈك

خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قاراتماستىن، ئەڭ مۇھىمى پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە قاراتقان.

تۇردى ئىمىن رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئەدەبىيات ۋە فوتو سۈرەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى رىقابەتچىسى بار دەپ قارىغان. تېما ۋە پىكىر - مۇلاھىزە جەھەتتە رەسساملىق ئەدەبىياتقا يېتەلمەيدۇ؛ ئەينەنلىك جەھەتتە فوتو سۈرەتكە يېتەلمەيدۇ. رەسساملىقنىڭ جان تومۇرى كۆرسەتمىلىك ھەم مەركەزلىك گۈزەللىكتە. تۇردى ئىمىن گۈزەللىككە ئەسالىق بىلەن ئىنتىلىدۇ، لېكىن بۇ پەقەت كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس. ئۇنىڭ رەسىملىرىدىن كۆرۈش سېزىمىغا تەسىر قىلىدىغان، قەغەز يۈزىدە ئېلىپ بارغان «خىمىيەتەجرىبىسى» دىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنى، شۇنداقلا، ئاتالمىش «يېڭىلىق ئۈچۈن يېڭىلىق» دەيدىغان ئابستراكت گۈزەللىكنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ رەسىملىرى ئاددىي، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، ھېچقانداق ئارتۇقچە بېزەك يوق. ئۇنىڭ رەسىملىرىدىن پۇرقۇپ تۇرغىنى رېئالىستىك پۇراق، بۇ پۇراق بەزى كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرىدە نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى ئۆزى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، يەنىلا خۇش پۇراق چاچىدىغان پۇراق.

تۇردى ئىمىننىڭ ئىشچانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قەشقەر سېپەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆپلىگەن تېز سىزمىلارنى ۋە باشقا ئىجادىيەتلەرنى ياراتقان. «قەدىمى شەھەردىكى دوستلۇق» دېگەن ئانچە چوڭ بولمىغان ئەسىرىنى ئۇدا ئۈچ ئايغىچە قايتا - قايتا ئىشلەپ، ئاخىرى نەپىسلىكتە ۋايىغا يەتكۈزگەن. بۇ ئەسەرنى كۆرگەنلەر ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىغان. ئۇ، سەنئەت بابىدا ئۆزلۈكسىز ئىزلىنىپ ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەزەلدىن بىپەرۋالىق قىلمىغان. ھەتتا سيۇژىتى ھەم ئەندىزىسى ئوخشايدىغان ئەسەرلەر ئۈستىدىمۇ ئۇ زېرىكمەي، تېرىكمەي، كۆپ خىل ۋاستىلار ئارقىلىق تەكرار - تەكرار ئىزلەنگەن، شۇنداقلا، ئەستايىدىل ئويلىنىش، سېلىشتۇرۇش، تۈزىتىش ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىغان.

«ئەسەر دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك»: رېئالىزمچى رەسسام تۇردى ئىمىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى ھەرۋاقىت مىللەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. سەنئەت تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، شۇنداقلا، تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن سەنئەت چىنلىقى ئوتتۇرىسىدا تۇردى ئىمىن بىر رەسسامنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان تالانتى ۋە نەزەرىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا، بىر سەنئەتكارنىڭ بۇرچى ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلغان.

ئۇنىڭ «يازلىق يىغىم ھارپىسىدا» ۋە «ئەتلەس توقۇش» ناملىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6 - ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك رەسىم كۆرگەزمىسىگە تاللىنىپ، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە قەلىمىنىڭ پىشقانلىقى بىلەن ياخشى باھاغا ئېرىشتى. يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆرگەزمىلەرگە تاللىنىپ مۇكاپاتلاندى. «يېڭىسار كىشىلىرى» دېگەن ئەسىرى «خەلق گېزىتى» (چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدىغان نۇسخىسى) دە چەت ئەللىك دوستلارغا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ نامى ۋە تەرجىمىھالى «جۇڭگو رەسساملار لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان جۇڭگوچە رەسىم رەسساملىرى لۇغىتى»، «شىنجاڭ رەسساملىرى» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى «ھازىرقى زامان جۇڭگوچە رەسىملىرىدىن تاللانما» غا كىرگۈزۈلدى.

رەسىم ئادەمگە، ئادەم رەسىمگە ئوخشىغىنىدەك، تۇردى ئىمىن راستچىل، كەمسۆز بىر رەسسام، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ - يۇ، قىلچە مىننەت قىلمايدۇ. سەنئەت يولىدا ئۇ تۈن - تىنىمسىز ئەجىر قىلىدۇ. بىز، رەسسامنىڭ تېخىمۇ كۆپ مول ھوسۇل ئېلىشىغا تىلەكداشمىز!



# ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى

ئىمىنجان ئەخمىدى

ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم تۆھپىلەر قوشتى.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مول ۋە كۆپ مەزمۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات - سەنئەت مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ماقالىدە، ئاساسەن، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان نەمۇنىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

يازما ئەدەبىيات — شۇ مىللەت تارىختا قوللانغان يېزىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. غەربىي يۇرتتىن ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمكى يېزىق ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادى 5 – 6-ئەسىرلەردە بۇ رايوندا قوچۇ يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، ساك يېزىقى، توخرى يېزىقى (ب)، توخرى يېزىقى (ئا)، براھمىچە تۈرك يېزىقى قاتارلىق سەككىز خىل يېزىق ئىشلىتىلىپ، بۇ يېزىقلار بىلەن مەزكۇر رايوندا ياشىغان قەدىمكى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئالتە خىل تىلدىكى ۋەسىقىلىرى خاتىرىلەنگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرى ياشىغان غەربىي يۇرت شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخىدا، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تارقىلىش تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان. غەربتىكى دىنلار شەرققە تارقىلىشتا، غەربىي يۇرت تەۋەسىدىن ئۆتكەن، سەنئەت ۋە ئىلىمنىڭ تارقىلىشىمۇ شۇنداق بولغان.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى يادىكارلىقى — بۆتۈرمىش تارقان ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن مانى دىنىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس دىنىي ئەدەبىيات ئەسىرى «تۆۋە دۇئاسى» («خۇئاستۇ ئانىفت») بولۇپ، چەت ئەل ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىپ، «مىلادى 5 - ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى (ئۇيغۇر يېزىقى) دا تەرجىمىسى ئىشلەنگەن» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ قولىيازما نۇسخىسى تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان. ھازىر پېتىربورگدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. تۇرپاندىن تېپىلىپ، بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن تېپىلىپ، لوندوندا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى مانى يېزىقىدا يېزىلغان. ئا.ۋ.لېكوك (گېرمانىيە) بۇ ئەسەرنىڭ بېرلىن ۋە لوندون نۇسخىلىرىنى فاكسىمىلى، ترانسكرىپسىيىسى بىلەن بىللە نېمىس ۋە ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، 1910 - ۋە 1911 - يىللىرى بېرلىن ۋە لوندوندا ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلدۇرغان.

توخرى يېزىقى (ئا)(ب) لار ئاگنى (قاراشەھەر)، كۇسەن (كۇچا)لاردا ياشىغان ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىشىغا قاتناشقان خەلقلەر ئىشلەتكەن يېزىق (ئۇلارنىڭ تىلى بۇرۇن تېپىلمىلاردا ئېيتىلغىنى بويىچە «توخرى تىلى» دېيىلگەن ئىدى، هازىر «ئاگنى — كۇسەن تىلى» دەپ ئاتالماقتا) بولۇپ، بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان دىنىي - ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئىچىدە هازىر بىزگە مەلۇم بولغانلىرى مىلادى 4 — 5-ئەسىرلەردە سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنىي رىۋايىتى «مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى) ۋە «چاشتانى ئىلىك بەگ»دۇر. «مايترى سىمىت» 27 -پەردىلىك دراما قىلىپ ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان. ھەمدە ئاگنى، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا ئوينالغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مىلادى 8 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى نەمۇنىلىرىنىڭ ئاساسەن دىنىي مەزمۇندىكى تەرجىمە ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ، ئۇنىڭ خاس بىر تارىخىي دەۋرىنى تەشكىل قىلىدىغىنى — 8 — 9 ئەسىرلەردە تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدۇر.

مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئەينى چاغدا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان يەرلىك فېئودال خانلىقلار — تۈرك، ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ئورخۇن ۋە سېلېنگا دەريا ۋادىلىرىغا مەشھۇر خاقان، ۋەزىر، خان جەمەت ئىگىلەر، لەشكەر باشلىقلىرىغا ئاتاپ تىكلەنگەن خاتىرە ياكى تۆھپە مەڭگۈ تاشلىرىغا ئويۇپ قالدۇرۇلغان يازما يادىكارلىقلاردۇر. ئۇلارغا ئويۇلغان خەتلەر، ئومۇمەن، قەدىمكى تۈرك يېزىقى (بەزىلىرىدە خەنزۇ، سوغدى يېزىقلىرىمۇ بار) بولۇپ، تىلى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدۇر.

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن، ئۇ قىسقا، ئېنىق ۋە ئوبرازلىق جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن، بەدىئىي تەسۋىرلىرى، ۋەقەلىكلەرنىڭ بايان قىلىنىشى رەتلىك ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇپ، نەپىس تىل قۇرۇلمىسىغا، گۈزەل بەدىئىي شەكىلگە ئىگە، ئۇلاردا ئەل ئەدەبىياتىغا خاس بولغان تەركىبلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى تېكىستلىرى ئەينى دەۋرنىڭ رېئالىستىك بەدىئىي ئەسەرلىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى.

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇھىملىرى چۈرىن، تونيۇقۇق، كۆل تېكىن، بىلگە قاغان، بايانچۇر، تەس، تېرخىن، كۆلىچۇر، توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان، سۇجى، ئونگىن مەڭگۈ تاشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»: تۈرك قاغانلىرىدىن ئىلتەرىش (682 — 691 - يىللىرى تەختتە

ئولتۇرغان)، قاپاغان (716 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە بىلگە (734 - يىلى ۋاپات بولغان) لەرگە باش ۋەزىر، مەسلىھەتچى بولغان ھەمدە ئۇقۇرىقى خاقانلارنىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشىگە زور ھەسسە قوشقان تونيۇقۇق ئۈچۈن ئورنىتىلغان تۆھپە مەڭگۈ تېشى. ئىككى تاش مۇناردىن ئىبارەت بولغان بۇ مەڭگۈ تاشتا 62 قۇر خەت بولۇپ، تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا، 712 — 716 - يىللار ئارىلىقىدا ئورنىتىلغان. مەڭگۈ تاش تېكىستى تونيۇقۇقنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەدەبىي - تارىخىي ئەسلىمىدىن ئىبارەت. دۆلەت ئەربابى، ئەدىب تونيۇقۇق خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت قۇرغۇچى سەركەردىلەر — لىجىڭ، شۈجى قاتارلىقلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇلغان. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 1897 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلانباتۇر شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باين - چوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا.

«كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»: تۈرك خانلىقى سەركەردىلىرىدىن كۆل تېكىن (731 - يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان) نىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن 732 - يىلى ئاكىسى بىلگە قاغان تەرىپىدىن تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش بولۇپ، تېكىستى ئۇلارنىڭ جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن يېزىلغان. ئۇنىڭدا كۆل تېكىننىڭ ئاكىسى بىلگە قاغاننىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە تۆھپىلىرى نەپىس شېئىرىي تىل بىلەن خاتىرىلىنىپ، چوڭ-كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا جەمئىي 66 قۇر خەت ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئارقا يۈزىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى 732 - يىلى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەن تەزىيە نامىسى خەنزۇچە خەت بىلەن 12 قۇر قىلىپ ئويۇلغان. «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» 1889 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆكشىن ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇسايدام دېگەن جايدىن تېپىلغان، ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا.

«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»: 735 - يىلى يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن بولۇپ، تېكىستىنى يوللۇغ تېكىن ئۆزى يازغان. ئۇنىڭدا مەركەزلىك ھالدا بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىسى مەدھىيىلىنىدۇ. مەڭگۈ تاش ئالتە يۈزلۈك قىلىپ ياسالغان بىر پارچە چوڭ مەرمەر تاش بولۇپ، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا 80 قۇر خەت ئويۇلغان. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر جايدىن تېپىلغان، ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا.

بىلگە قاغان، كۆل تېكىن مەڭگۈ تاشلىرى تېكىستىنىڭ ئاپتورى يوللۇغ تېكىن بۇ ئىككى مەڭگۈ تاش تېكىستىنى بىلگە قاغان تىلى بىلەن بىرىنچى شەخستە يېزىپ چىققان. ھەمدە ئۇنى مەڭگۈ تاشلارغا ھۆسنخەت قىلىپ نەقىشلەپ يازغان. بۇنىڭدىن يوللۇغ تېكىننىڭ ئۆز دەۋرىدە يېتىلگەن ئەدىب ۋە سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

«بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»: تەخمىنەن 759 - يىلى ئورنىتىلغان. مەڭگۈ تاشتا 49 قۇر خەت بولۇپ، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان. كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى بايانچۇرنىڭ ئۆز تىلى بىلەن يېزىپ، ئۇنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش مۇساپىسىدىكى جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ مەڭگۈ تاش مەزكۇر خانلىق تارىخىي ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. مەڭگۈتاش 1909 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى شىنە - ئۇسۇ كۆلى ئەتراپىدىن تېپىلغان، ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا.

«تەس مەڭگۈ تېشى»: 761 — 762 - يىللىرى (بۆگۈقاغان يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان چاغدا) ئورنىتىلغان يادىكارلىق. كەسمە يۈزى تىك تۆت

بۇلۇڭ شەكلىدىكى تۆت قىرلىق مەرمەر تاشتىن ئىبارەت بولغان بۇ مەڭگۈتاشقا جەمئىي 18 قۇرخەت ئويۇلغان. ئۇنىڭدا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ۋارىسىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش جەريانى، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانغىچە بولغان ئويغۇر قاغانلىرىنىڭ تارىخىي قىسقىچە خاتىرىلەنگەن. بۇ مەڭگۈتاش 1915 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى تەسىن غول دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى نوغون تولغوي ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدىن تېپىلغان.

«تىرخىن مەڭگۇ تىشى»: ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تەخمىنەن 753 ـ يىلدىن كېيىن ئورنىتىلغان يادىكارلىق. ئۇنىڭدا قاغاننىڭ ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، باشقىلار تەرىپىدىن ئوقۇلغان مەدھىيىلەرمۇ، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئۆز تىلىدىن بېرىلگەن تارىخىي ۋەقەلەرمۇ خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان. مەڭگۈ تاش تۆت تەرەپلىك، ئۈچ پارچە بولۇپ، جەمئىي 31 قۇرخەت بار. ئۇ 1957 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىكى تىرخىن سۇيىنىڭ چاغاننۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان يېرىدىن تېپىلغان. ھازىر تەس مەڭگۇ تىشى بىلەن بىللە موڭغۇلىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

«ئۇقۇز ئويغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان مەڭگۇ تىشى»: بۇ مەڭگۇ تاش يەتتە پارچە بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى تۈرك، سوغدى ۋە خەنزۇچە يېزىقلار بىلەن يېزىلغان 58 قۇرخەت بار، ئاساسەن ئويغۇرلارنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا خانلىق قۇرغان ۋاقتىدىن تارتىپ مەزكۇر قاغان زامانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن. مەڭگۈتاش 1890 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئويغۇر خانلىقى پايتەختى قارا بالغاسۇن (ئوردۇ بالىق دەپمۇ ئاتالغان) شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۈتاشنىڭ 803 — 82 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئورنىتىلغانلىقى ئېنىقلاندى.

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتۈلگەن مەڭگۇ تاش تېكىستلىرى شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئويغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھەم قەھرىمانلىق داستانلىرى، ئەدەبىي تەزكىرە ھەم نەسىر ھەم شېئىر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بىر خىل ئالاھىدە بەدىئىي شەكلىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋر رىۋاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى مۇھىم تارىخىي ھۆججەت، شۇ دەۋر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ـ تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك مىراس بولۇپ كەلدى.

## سوڭغا دەسسەپ لايىق تاللاش

گويجۇ ئۆلكىسى نيەنجۇ ناھىيىسىنىڭ شىدوڭ دېگەن يەرلىرىدە، بازارنى ئەتىگەنلىك بازار، كەچلىك بازار دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ئەتىگەنلىك بازارغا ئادەتتە ياشقا چوڭراق ئەر ـ ئاياللار بېرىپ، سودا ـ سېتىق قىلىدۇ. كەچلىك بازارغا ياش يىگىت ـ قىزلار بېرىپ، لايىق تاللىشىدۇ، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشىدۇ ۋە توي كۈنىنى پۈتۈشىدۇ.

ياشلار ئالدى بىلەن كوچا ئايلىنىدۇ، ئاندىن يىگىتلەر كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە، قىزلار كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۆزئارا كۆزلىتىشىدۇ، ئەھۋال ئىگىلىشىدۇ، ئەھۋال ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، باشقا تەرەپكە بېرىشقا سىناق تەرىقىسىدە شەرەت قىلىشىدۇ.

ئەگەر مەلۇم كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالسا، بازار ئايلىنىش جەريانىدا، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، مۇۋاپىق پۇرسەتنى تاللاپ ئۇنىڭ سوڭغا دەسسەپ قويىدۇ. دەسسەلگۈچى كەينىگە بۇرۇلۇپ قارايدۇ، ئەگەر ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئادەم بولسا كەينىدىن ماڭىدۇ. ئەگەر دەسسىگەن ئادەمنى ياقتۇرمىسا، كۆرمىگەنگە سېلىپ كېتىۋېرىدۇ.



# ھېكمەت دۇنياسى

يارمۇھەممەت تاھىر

خەلقىمىز ئۇزۇن
ئەسىرلىك ھايات
تارىخىدا، بەخت -
سائادەت ئۈچۈن بولغان
كۈرەش مۇساپىسىدە
ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قوغداش ئۈچۈن
مەنىۋى جەھەتتىن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.
بۇ جەرياندا تۇلار ھايات قانۇنىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ،
مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ
قىبلىنامىسى بولغۇدەك قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى
يەكۈنلەپ، ئۇنى ئەڭ ئىخچام، ئەڭ يارقىن ۋە ئەڭ
ئوبرازلىق شەكىلدە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خەلق
ماقال - تەمسىللىرىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇ
ماقال - تەمسىللەرگە خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك
ئەقىل - پاراسىتىدىن تۆكۈلگەن ھېكمەتلەر
ئوبرازلىق يىغىنچاقلانغان بولۇپ، بىز بۇ ئارقىلىق
خەلقىمىزنىڭ ھايات پەلسەپىسى توغرىسىدىكى ئەڭ
نازۇك تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز. بۇ
قىممەتلىك ھېكمەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىز
ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن تەڭداشسىز مىراسلىرى
بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ھايات مۇساپىمىزدە دۇچ كېلىدىغان
كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك
قىيىن مەسىلەر ئۈچۈن
ياخشى مەسلىھەتچى،
مۈشكۈل مۇساپىلەر ئۈچۈن
يول باشچى بولالايدۇ.

تۈلكە ئۈز ئىنىگە ئۈرسە ئۈدۈز بولۇر

بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەمسىل بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تۈلكە ئۆز ئىنىغا (ئۇۋىسىغا) ئۈرسە قوتۇر بولىدۇ» دېيىلىدۇ.

بۇ تەمسىل قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر-لىك تۇيغۇسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن تەجرىبە - ساۋاقى ۋە تەشەببۇسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك ھايات كۈرىشى تارىخىدىن چىقارغان ئەقەللىي خۇلاسىسى بولۇپ، ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلىگە دانالىق بىلەن جاۋاب بېرىلگەن. ئۇنداق بولسا بۇ جاۋاب نېمە؟

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ھەر بىر قەۋم، ھەر بىر قەبىلە، ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دۆلەت چوڭ بىر ئائىلىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر كىشى شۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ھوقۇقلۇق ئەزاسى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشىنىڭ شۇ چوڭ ئائىلىدە بەلگىلىك ئورنى ۋە

ئىمتىيازى بولىدۇ، ۋەتەن دېگەن ھەر بىر ۋەتەنداشنىڭ بەخت - سائادەت زېمىنى، ۋەتەندىن ئايرىلغان بەخت - سائادەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر بىر كىشى ۋەتىنىنىڭ بىر ئەزاسى ۋە پۇقراسى سۈپىتىدە ئەركىن ياشاش، ئەركىن پىكىر قىلىش، ئەركىن ھالدا ۋەتىنىنىڭ بارلىق مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر بىر ۋەتەنداش ئۈچۈن ئۆز ۋەتەن خەلقىدەك قەدىرلىك، مېھرىبان كىشى بولمايدۇ. چۈنكى سىزنىڭ بەخت - سائادىتىڭىزمۇ، بەختسىزلىكىڭىزمۇ خەلقىڭىزنىڭ بەختى ۋە بەختسىزلىكى بىلەن ئورتاق بولىدۇ. مۇنداق بىرلىك ۋە ئورتاق تەقدىر ئۇلارغا بىر سەپتە ئورتاق كۈرەش قىلىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. ئۇلار مۇشۇنداق بىر پۈتۈنلۈك ئارقىلىقلا تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقىغا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نىشانى ھوقۇقى ۋە قەدىر - قىممىتىنى قوغداپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىزچىل نامايان قىلىپ كەلگەن. بۇنداق قانۇنىيەتنى تولۇق ھېس قىلغان ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى، دەپ قاراپ جانجان ھاياتلىرىنى تەقدىم قىلىشقان.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقى يۇقىرىقىدەك تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا كىشىلەرگە ئۆز ئېلىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇتۇش، ئۆز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلغان، ۋەتەن خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى ساتقان كىشىلەرگە كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا ئەسكەرتمە بېرىش، شۇ ئاساستا كىشىلەرگە ئۆز ۋەتەن خەلقىگە ۋاپادار، سادافەتمەن بولۇشقا چاقىرىدۇ.

دېمەك، ھەتتا تولىكمۇ ئۆز ئۆۋسىغا قاراپ ئۇرمەيدۇ، ئەگەر خىلاپلىق قىلسا قوتۇر بولىدۇ. ئۇنداق بولسا ئادەمچۇ؟ مانا بۇ ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئەمەل قىلىشى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب بېرىشى لازىم بولغان ھايات ھەقىقىتىنىڭ بىرى.

## يۈزىگە كۆرمە ئەردەم تىلە

بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چىرايىغا قارىماستىن، ئەدەب - ئەخلاقىنى تىلە»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ماقالىدە خەلقىمىزنىڭ مۇھەببەتتە ئائىلە بەختى ئۈچۈن گۈزەللىك ئۆلچىمى ھەققىدىكى ھېكمىتى ناھايىتى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۈنكى بۇ ماقالىدە گۈزەللىك، مۇھەببەت، بەخت ۋە پاكلىقنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ئەردەم (ئەدەب ئەخلاق، سادافەتمەنلىك) ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىلغار چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مۇھەببەت ئىنساننىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، مۇھەببەت ئوبيېكتىپ تاشقى گۈزەللىك بىلەن سۇبيېكتىپ ئىچكى تۇيغۇ (سۆيگۈ، مۇھەببەت) ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. شۇڭا مۇھەببەتتىكى گۈزەللىك ئۆلچىمى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىككە بولغان چىن ھېسسىياتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆلچىمى ئەسلى ماھىيەتتىن ئالغاندا چىن سادافەتمەنلىك ئۆلچىمى، ۋاپادارلىق ئۆلچىمى، پاكلىق ۋە باتۇرلۇق ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى ئۆلچەمنى ئاساسي مەنىۋى ئوزۇق قىلغان مۇھەببەتلا بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە چۈشەنچىسى ئىزچىل ھالدا تەرەققىي قىلدى ۋە راۋاجلاندى. ئۇيغۇر خەلقى خېلى بۇرۇنلا تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىغان. چۈنكى تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك. شۇڭا تاشقى گۈزەللىك ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ جۈملىدىن مۇھەببەتتىكى بەخت ئۆلچىمىنىڭ ئاساسي بولالمايدۇ. خەلقىمىز يۇقىرىقى ماقالىدا تىلغا ئالغان «ئەردەم تىلە» دېگىنى گۈزەللىكنىڭ يۇقىرىقى بىر پۈتۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

## قۇت بەلگىسى بىلىك

بەخت نەدە، ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بەختنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى نېمە؟ بۇ ئىنسانىيەت ھازىرغىچە ئىزچىل ھالدا ئىزلىنىۋاتقان ۋە تولۇق ۋە توغرا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان مۇھىم بىر تېما.

ھازىر بىز ئىنسانىيەت پەن - مەدەنىيەت

تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۈكسەلگەن بىر دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. بۇ دەۋردە ئىنسانلار ئىلىم - پەن ئارقىلىقلا ئەڭ ئالىي بەختنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلىشتى ھەمدە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىدى. كۆرۈشكە بولىدۇكى، قايسى ئەل ئىلىم - پەندە يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىكەن، ئۇ خەلق بەختلىك ياشاش شارائىتىنى ۋە مۇھىتنى ھازىرلىيالىدى. قايسى ئەلدە ئىلىم - پەن روناق تاپمىغان، خەلقلىرى نادان ئىكەن شۇ خەلق ئىچىدە بەختسىزلىك يەنىلا ھۆكۈمران.

دېمەك تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئادەم ئۆزىنى پەقەت ئىلىم - پەن ئارقىلىقلا ھەقىقىي توردە بىلەلەيدۇ، ئىلىم - پەن ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تاپالايدۇ، ئىلىم - پەن ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە كامالەتكە يەتكۈزەلەيدۇ، ئىلىم - پەن ئارقىلىقلا ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق بىلەن ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي ئەقىدىسى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ بىلىم ۋە ئۇنىڭ ھاياتىي قىممىتى ھەققىدىكى تارىخىي بىلىشىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش نەتىجىلىرىگە قوشۇلغان قىممەتلىك تۆھپىسى.

## ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئومۇملۇق ۋە ھەمدەملىك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى، شەخسىي قەھرىمانلىق بىلەن چوڭ ئىشلاردا غەلىبە قازىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ھايات ھەقىقىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئومۇملۇق ۋە ھەمدەملىك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى. كىشىلىك جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن شۇ نەرسە ناھايىتى روشەنكى، ئىنسانىيەت ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق كوممۇنا دەۋرىدىن باشلاپ توپلىشىپ ياشاپ بىرلىكتە، بىر سەپتە تۇرۇپ تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزلىرىنى قوغداپ، ئومۇملۇقتە ئوۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئۆگەنگەن. ئەگەر ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك بىرلىك ۋە ھەمدەملىك بولمىغاندا ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنالمايتتى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ يەمى بولۇپ، ناھايىتى ئېغىر پاجىئەلەرگە دۇچار بولاتتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادە قىلغان بۇنداق ئورتاق ھايات ۋە ھەمدەملىك ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ بۇزۇلغىنى يوق. ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇنداق بىرلىك قانۇنىيىتى ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ. ئەگەر ئۆزگىرىدۇ دېيىلسە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى تېخىمۇ بېيىتىپ بارىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇنداق بىر پۈتۈنلۈك ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىم بىر شەرتى. جەمئىيەت ھېچقاچان ئۆزىنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ باغلىنىشنى توغرا ۋە جەمئىيەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا يەكۈنلەپ، كىشىلەرگە شەخسىي قەھرىمانلىقتىن ساقلىنىشقا، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە غايىسىنى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە غايىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، خەلق ئاممىسى بىلەن شەخسنىڭ ئالىي جانابلىقى ۋە قەھرىمانلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئارقىلىقلا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. بۇ ماقالىمۇ يۇقىرىقىدەك چوڭقۇر بىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن خەلقىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى.

# چىرىيە ئەرلىرىنىڭ باش كىيىمى — تەلپەك

مۇھەممەت تۇرسۇن ھەسەن

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ياشاۋاتقان بولغاچقا، ئولتۇراقلاشقان تەبىئىي شارائىت ۋە مۇھىت ئۇلاردا ئۆزىگە خاس سەنئەت ئىگىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن. باش كىيىم ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئوخشاش بولمايلا قالماستىن بەلكى بىر مىللەت خەلقلىرىنىڭ باش كىيىممۇ رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. چىرىيە ئەرلىرىنىڭ تەلپىكىمۇ جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شارائىتقا ماسلاشقان، ئۆزىگە خاس سەنئەت ئىگىسى ئاساسىدىكى ئىجادىيىتىدۇر. چىرىيە ئەرلىرىنىڭ تەلپىكى باشقا يۇرت ئەرلىرىنىڭ تەلپىكىگە ئوخشىمايدۇ. چىرىيە ئەرلىرىنىڭ باش كىيىمى بولغان تەلپەكنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، ھازىر ئومۇملاشقىنى ئاساسەن ئىككى خىل، ئۇلار قارا تەلپەك ۋە قارا بوز تەلپەكتىن ئىبارەت. قارا تەلپەك خاس قارا قوزىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ساغلىق ۋە قوچقارلىرى ئىچىدىن كۆرپىسى ئەڭ ياخشى، ئەڭ گۈزەللىك بولغانلىرى تاللىۋېلىنىپ، ئايرىم بېقىپ قوزا ئېلىنىدۇ. قوزا تۇغۇلۇپ، سۈتكە تويۇنۇپ 15 كۈن ئەتراپىدا ئۇنىڭ يۇڭى تازا گۈللىنىپ پارقىرايدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا قوزا ئۆلتۈرۈلۈپ تېرىسى ناھايىتى پەم بىلەن سويۇۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئاشلاپ تەييارلىنىپ تەلپەك تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە چىرىيە ئەرلىرىنىڭ كىچىك باللاردىن تارتىپ چوڭ ئادەملەرگىچە، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى تەلپەك كەيگەن بولغاچقا تەلپەك تىكىلىشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن تىكىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولىدۇ. تەلپەكنىڭ ئاستى تەرىپى سەل كەڭرەك، ئۈستى تەرىپى بىلىنەر - بىلىنمەس تار، يەنى كېپىنەك كونۇس شەكلىدە بولىدۇ. ئايالنىمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن توغرا يۈزىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن قاسقانىنىڭ ئوتتۇرىچە يۈزى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تەلپەكنىڭ تېپىلكى ئادەتتىكى تېرىدىن چىرايلىق قىلىپ تىكىلىپ، كۆرپە قاسقان تېپىلككە چاپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئاستى گىرۋىكىگە كىرپىك تۇتۇلىدۇ. قاسقانىنىڭ ئۈستى تەرىپى يىپ بىلەن دولقۇنسىمان قىلىپ ئىشلىنىدۇ، ئاندىن قېلىپقا تارتىلىپ ۋىلكا شەكىللىك تۆمۈر تاغاق بىلەن پەرداز قىلىنىدۇ. تېپىلكىنىڭ ئۈستىگە بولسا قارا مەخمەلدىن تاش كەيگۈزۈلىدۇ. قايچا بىلەن يېرىك قىللىرى قىرقىپ تاشلىنىپ تەكشىلىنىدۇ. بۇ قارا تەلپەكنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلى. قارا بوز تەلپەكنىڭ



تېكىلىش ئۇسۇلىمۇ قارا تەلپەكنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆرپىسىگە قارىغا مايىل بوز قوزىنىڭ تېرىسى ئىشلىتىلىدۇ. چىرىيىدە قارا بوز تەلپەك كىيىش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ، مەخسۇس توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملاردا ئالاھىدە ئىپتىخار بىلەن كىيىلىدۇ. قارا بوز تەلپەكنىڭ ماتېرىيالى بولغان قارا بوز قوزىنى سۈپەتلىك تۇغدۇرۇش ئۈچۈن قارا بوز قوچقار بىلەن قارا بوز ساغلىقنى ئايرىم بېقىپ قوزا ئېلىنىدۇ. قوزا تۇغۇلۇپ 15 كۈندىن 20 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى چىرايلىق گۈللىنىشىدۇ. ئاندىن تېرىسى سويۇلۇپ تەلپەك تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. قارا بوز تەلپەك تىككۈچىلەر تازا كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلار بولۇپ، قارا تەلپەككە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ تېخىمۇ نەپىس ئىشلىنىدۇ. قارا بوز تەلپەكنىڭ سۈپىتى ئاسان بۇزۇلمايدۇ ھەم نەپىس ھەم چىدامىلىق بولۇپ ئۇنىڭغا قايتىدىن پەرداز قىلمايلا ئون يىل ئەتراپىدا كىيىشكە بولىدۇ. قارا بوز تەلپەكنى ياش يىگىتلەر ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ. قارا بوز تەلپەك چىرايلىق، يارىشىملىق بولۇپ كىشىگە ئالاھىدە سالاپەت بېغىشلايدۇ، ھەتتا قىزلار توي كۈنى ئۆز يىگىتىگە قارا بوز تەلپەك سوۋغا قىلىدۇ.

## جۇۋاز

مۇھەممەت تۇرسۇن ھەسەن

ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق تۇرمۇشتىن دېھقانچىلىققا قەدەم قويۇش بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. كۆچمەن تۇرمۇشتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ھالىتىگە كۆچتى. ئوۋچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىرلەشتۈرۈلدى. ئەجدادلىرىمىز ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا مايلىق زىرائەتلىرىنىمۇ تېرىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى تاپتى. جۇۋازچىلىق مانا مۇشۇ مايلىق زىرائەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنىڭ كەشپىياتىدۇر.

جۇۋاز بىپايان يېزا ـ قىشلاقلارغا كەڭ تارقالغان. ھازىر ئۇرغۇن جايلاردا ئۇنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە. جۇۋاز شەكىل جەھەتتىن تاش جۇۋاز ۋە ياغاچ جۇۋاز دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تاش جۇۋازنى ئادەتتە تۈگمەن تېشى ياسايدىغان تاشچى ئۇستىلار چوڭ ھەم توم تاشنى يونۇپ، ئۇزۇنچاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئاندىن ئىچىنى ئويۇپ ياسايدۇ. ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ جىسمانىي ھەم ئەقلىي كۈچ كېتىدۇ. بۇنداق تاش جۇۋاز بەكمۇ ئاز ياسىلىدۇ، ئەمما ئىنتايىن چىدامىلىق بولۇپ نەچچە يۈز يىللار ئىشلىتىشكە بولىدۇ. تاش جۇۋازدا ماي ئاسان سىڭىپ كەتمەيدۇ. ماي تولۇق ئاجرىلىپ چىقىدۇ.

ياغاچ جۇۋازنى مەخسۇس جۇۋاز ياسايدىغان ياغاچچى ئۇستىلار ئايلانمىسى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان ئۆرۈك ياغىچىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ياسايدۇ. ئۆرۈك ياغىچىدىن باشقا ياغاچتا جۇۋاز ياساشقا بولمايدۇ. جۇۋاز كوتىكىنىڭ ئىچىنىڭ ئويۇلىشى ئاستى ھەم ئۈستى تەرىپى كەڭ، ئوتتۇرا قىسمى تار، يەنى بوغما ھالەتتە بولىدۇ. ئويۇلغان كاتەك ئىچىگە مايلىق قويۇلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا داننى يۇمشىتىش ئۈچۈن بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر تال ئوق بېكىتىلىدۇ. ئاندىن قايچا شەكىللىك چوڭ بىر ياغاچنىڭ ئۇچى ئوققا بەللىنىپ يەنە بىر ئۇچىغا ئۆكۈز چېتىلىدۇ. ئۆكۈز ئاچىنى ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاچا ئوقنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مايلىق دان ئوقنىڭ قىستىشى بىلەن ئېزىلىپ ماي سىقىپ چىقىرىلىدۇ. سىقىپ چىقىرىلغان ماي جۇۋاز كوتىكىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن سىرتقا قارىتىپ يانتۇ ئېچىلغان تۆشۈك ئارقىلىق ئېقىپ چىقىپ ماي قاچىسىغا قويۇلىدۇ، تاش جۇۋاز بىلەن ياغاچ جۇۋازنىڭ پەقەت ئىچى ئويۇلىدىغان چوڭ كوتىكىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇندىن باشقا ئوق ۋە ئۇنى ئايلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدۇ. جۇۋازدا تارتىلغان ماينىڭ تەمى تاتلىق بولىدۇ، تەبىئىي ئاسان ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

# قارا قۇرۇمدىكى «بۆرگە» ئويۇنى

مۇختەر مامۇت، ئابدۇللە ھەت

قارا قۇرۇم تېغى ئىچىگە جايلاشقان گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا «ئويۇن - مەشرەپ ماكانى» دەپ نام ئالغان ئىسمىسلا دېگەن بىر كەنت بار. بۇ كەنتتە قىش - ياز كەچقۇرۇنلۇقى دېھقانلار نۆۋەت بىلەن مەھەللە بويىچە بىر - بىرىنىڭ ئائىلىسىگە جەم بولۇپ، ئويۇن - مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جايدىكى مەشرەپلەردە كۈچلۈك يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان «بۆرگە ئويۇنى»، «تۆگە ئويۇنى»، «غاز ئويۇنى»، «بۆرە ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلار بولۇپ، باشقا يۇرتلاردا بۇنداق مەشرەپ ۋە ئويۇنلار كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. بۇ ماقالىدە «بۆرگە ئويۇنى»نى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ياز كۈنلىرى ئويۇن ئەھلى دەرەخ ئاستىدا يەرگە كىگىز، گىلەم سېلىپ قاتار ئولتۇرىدۇ. قىش كۈنلىرى ئايۋانلارغا يىغىلىپ، سۇپىدا قاتار ئولتۇرىدۇ. ئويۇن ئەللەنەغمىچىلەرنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن باشلىنىپ، ئۇسسۇل قىزىپ ۋايىغا يەتكەندە «بۆرگە» ئويۇنى باشلىنىدۇ. قىزىقچىلاردىن بىرى «بۆرگە» ئىگىسى قىلىپ سايلىنىدۇ. بۆرگە رولىنى ئالغۇچى بولسا ئۆزى قول كۆتۈرۈپ: «مەن بۆرگە بولاي!» دەيدۇ. «بۆرگە» بولغۇچىغا ئويۇن ئەھلىنى جەلپ قىلىش ھەم باشقۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ھوقۇق بېرىلگەچكە، قول كۆتۈرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. «بۆرگە» بولغۇچى تېنى ساغلام، ياش ئەركىشى بولۇشى، ئەدەب - قائىدىلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئويۇن تەرتىپىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئۆي ئىگىسى: «پالانى بۆرگە بولسۇن!» دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى «بۆرگە»گە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاق جۇۋىنى ۋە بېشىدىكى تەلپەكنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيگۈزىدۇ. «بۆرگە» بولغۇچىنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر - بىرىگە چېتىپ چىڭ باغلاپ، ئىككى قولىنى بىر - بىرىگە چېتىپ بوش باغلاپ، ئالقىنىغا يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كالتەكنى تۇتقۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «بۆرگە» كىشىلەر ئارىسىدىن دىك - دىك قىلىپ سەكرەپ چىقىپ، سورۇن ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ.

ئۆي ئىگىسى دولىسىغا شىۋىقتىن ياسالغان ئوقيانى ئېسىپ، قولىغا ياغاچ پىچاقنى ئېلىپ، «بۆرگە»نىڭ گەۋدىسىدىن تۇتۇپ، كانىيىغا ياغاچ پىچاق تەڭلەپ تۇرۇپ، مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇيدۇ:

ھەي بۆرگەم، ئەزىمەت بۆرگەم،
گۆشى يوق كىرگەت بۆرگەم.
مەن بۆرگەمنى تاپتىم مەن،
كانايدىن ئاستىم مەن.

شۇنىڭ بىلەن «بۆرگە» قىر - قىر قىلىپ چىرقىراپ، قېچىشنى پەملەيدۇ، ئۆي ئىگىسى «بۆرگە»نى قانچە چىڭ تۇتۇۋالسىمۇ، قېچىپ كېتىپ، كىشىلەر ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالىدۇ. ئۆي ئىگىسى «بۆرگە»نى تاپالمىغاندەك قىلىپ، ئوچاق تەرەپكە ۋە كىشىلەرنىڭ قېشىغا نەزمە ئوقۇپ ماڭىدۇ.

بۆرگەم قاچتى بۇلۇڭغا،
ئىگەم قاچتى كۆلۈڭغا.

شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى ئوچاقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، يانى ئۆينىڭ تۆرىسىغا قارىتىپ تارتىدۇ. «پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «بۆرگە»

زەخمىلەنگەن قىياپەتتە كىشىلەر توپى ئىچىدىن يۇمۇلۇنۇپ مەيدانغا چۈشىدۇ. ئۇيۇن ئىگىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ «بۆرگە»نىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ قامالىلۇالىدۇ ۋە نەزمىنىڭ داۋامىنى باشلايدۇ:

مەن بۆرىسەمنى بوغۇزلايمەن،
تۇت سەرىيىرىم جىلىڭ ساتىمەن.
مەن بۆرگەمنى ئۆلتۈرىمەن،
مەن بۆرگەمنى پۇۋلەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئىگىسى «بۆرگە»نى «ئۆلتۈرۈپ» پۇۋ ـ پۇۋ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ پۇلەشكە باشلايدۇ. «بۆرگە»نىڭ قورسىقى بارغانسىرى يوغىناپ، غىت ـ غىت قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئويۇن مەيدانىنى كۈلكە قاپلايدۇ، ئويۇن ئىگىسى يەنە نەزمىنى ئوقۇپ «بۆرگە»نى سويۇشقا باشلايدۇ.

تۇت سەر ئالتە جىلىڭ گۆش چىقتى.
توقسان ئالتە سەر چاۋىسى.
مەن بۆرگەمنىڭ گۆشىدىن،
پاقالچىقىنى ساتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن «بۆرگە» ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ، دىك ـ دىك سەكرەپ، كىشىلەرنىڭ پاقالچاقلىرىغا كالتەك بىلەن بوش ـ بوش تۇرۇشقا باشلايدۇ. ئەگەر مۆگۈدەپ قالغان، پاراڭ سېلىۋاتقان كىشىلەر بولسا، كالتەك بىلەن پۇتىغا قاتتىقراق سېلىپ، ئۇخلىماسلىققا، پاراڭ سالماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئويۇن ئىگىسى «بۆرگە»نى تۇتۇۋېلىپ، نەزمىنى يەنە تەكرارلاشقا باشلايدۇ:

ھەي بۆرگەم ئەزىمەت بۆرگەم،
گۆشى يوق كىرگەت بۆرگەم.
مەن بۆرگەمنىڭ گۆشىدىن،
قوۋۇرغىسىنى ساتىمەن.
مەن بۆرگەمنىڭ گۆشىدىن،
قۇيرۇقىنى ساتىمەن.

بۇ چاغدا «بۆرگە» يەنە تۇت پۇتلۇق بولۇپ قېچىپ كېتىپ، قولىدىكى كالتەك بىلەن كىشىلەرنىڭ بېقىنىغا نوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇخلاپ قالغانلارغا تېخىمۇ رەھىم قىلىنمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئىگىسى يۈگۈرۈپ بېرىپ «بۆرگە»نىڭ قولىدىكى كالتەكنى تارتىۋېلىپ، تېرىسىنى سويۇۋېلىپ (جۇۋىنى سالدۇرۇۋالىدۇ)، بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. «بۆرگە» ئىگىسى ئاخىرى مۇنداق دەيدۇ:

ئوڭغا سەكرەڭ بۆرگەم، سولغا سەكرەڭ،
ئالدىغا سەكرەڭ بۆرگەم، كەينىگە سەكرەڭ.

بۇ ۋاقىتتا «بۆرگە» ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئىگىسىنىڭ دېگىنى بويىچە سەكرەشكە باشلايدۇ. ئەگەر كىچىككىنە چاندۇرۇپ قويسا ئىگىسىدىن كالتەك بىلەن ئەدەب جازاسى يەيدۇ. «بۆرگە» ئاخىرى ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ ھەم يىقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئىگىسى تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىغا «بۆرگە» تېرىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بىر ـ بىرلەپ «تېرە ئالامسىلا!» دەپ سورايدۇ. تاماشىبىن بولسا «ئالمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەردە «ئالىمەن» دېسە كالتەك بىلەن يەيدۇ. ئويۇن ئىگىسى مەيدانىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ، سوئال ـ سوراق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا يەنە بىر ـ بىرلەپ بېرىپ، تەلپەك كۆتۈرۈپ: «بۆرگە گۆشىنىڭ پۇلىنى بەرسىلە!» دەپ بارىدۇ.

ئويۇن كۆرگۈچىلەر بىر ـ بىرىنىڭ يېنىدىكى كىشىگە ئىتتىرىپ؛ «پۇلنى مانىڭغا بەردىم»، «پۇلنى ئۇنىڭغا بەردىم» دەپ ناھايىتى تېز جاۋاب بېرىدۇ: ئەگەر تېز جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇ كىشى ئويۇن ئەھلىگە بىر قىزىق نومۇر كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە ياكى خالىسا كىلەر قېتىمقى مەشرەپنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

# بىمارنى يوقلاش قائىدىلىرى

كۆرەر كۆزنىڭ قىممىتى،
كور يىنىدا بىلىنەر.
ساق قۇلاقنىڭ قىممىتى،
ساغرو يىنىدا بىلىنەر.

— مەختۇمقۇلۇ

كىشىلەر بىر-بىرىگە پەقەت شاد-خۇراملىق، ساغلام ۋە كەيپى چاغ پەيتلەردىلا ھەمدەم بولۇپلا قالماستىن بەلكى قولۇم-قوشنىلار، تۇرۇق-تۇغقانلار، كەسىپداشلار، يار-بۇرادەرلەرنىڭ بېشىغا غەم-قايغۇ، مۇسىبەت چۈشكەندىمۇ ھەمنەپەس بولۇشى ھەممىگە ئايان ئەنئەنىدۇر. شادلىقلا ئەمەس ھەتتا مۇسىبەتمۇ كىشىلەرنى يېقىنلاشتۇرالايدۇ. بىمارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھال-ئەھۋال سوراش، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئادىمىگەرچىلىكنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنىڭ بىمار ئۈچۈن پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

ئادەم بولىدىكەن ئىبغىر بولامدۇ، يەڭگىل بولامدۇ ھامان كېسەل بولىدۇ. بىمارنىڭ روھىي كەيپىياتى ساغلام كىشىنىڭ روھىي كەيپىياتىغا قارىغاندا نازۇك، پەرىشان ھالەتتە بولىدۇ. بىمار ئۈچۈن تىببىي خادىملار جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ بىمار بەربىر ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى، دوست-بۇرادەر، كەسىپداش يولداشلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى سىغىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقىغا مۇھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر كىمنىڭ يېقىن ئادىمى كېسەل بولۇپ قالسا ئۇنى بېرىپ كۆرۈشكە ۋە سۆھبەتلىشىپ كېلىشكە تەقەززا بولىدۇ، سۆھبەتلەشكەندە بىمارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، ئىلھام بېرىش زۆرۈر. بىمارنى تەشۋىشكە سالىدىغان سۆزنى پەقەتلا قىلماسلىق، قانداق ئىشى باكى ئىلتىماسى بولسا بېجىرىشكە تەييار تۇرۇش ھەمدە ئۇنى سۆيۈندۈرۈش بىلەن بىمارغا ئىشەنچ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىش مۇمكىن. بۇلار ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئالىملار ئىسپاتلىغاندەك، بىمارنىڭ بەدىنىدە ئاجايىپ بىر فىزئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ، «بىمارنى دورا بىلەن ئەمەس بەلكى سۆز بىلەن داۋالاش ياخشىدۇر»، دەيدۇ — سوقرات. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا كېسەل كىشىگە بېرىلگەن ئىلھام، كۆڭۈلنى كۆتۈرۈش، دورىدىن ياخشىراق مەنپەئەت بېرىشى مۇمكىن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىمارنى يوقلاش كېسەل كىشى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكلا بولۇپ قالماي بەلكى يوقلىغۇچى كىشى ئۈچۈنمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى،



ھەركىم ئۆز سالامەتلىكىنىڭ قەدرىگە بىمارنىڭ يېنىغا بارغاندا كۆپرەك يېتىدۇ، ئۇ خەلق ھېكمەتلىرى ئارىسىدىكى «سالامەتلىك زور بايلىق» دېگەن سۆزنىڭ مېغىزىنى كۆپرەك چاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان مېھرىبانلىقى، دوستلۇقى، قۇۋم - قېرىنداشلىقى، سەممىيلىكى، رەھىمدىللىكى ۋە دەردىگە دەرمانلىقى، بىمارنىڭ يېنىغا بېرىپ ھال - ئەھۋال سورىغاندا تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

بىمارنى يوقلاشقا قۇرۇق قول بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ نېمىنى يەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، قويۇق-سۇيۇق، يەرھەزلىك ۋە شىپالىق بېرىدىغان تائاملاردىن تەييارلاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، سۈت - قېتىق، ھەر خىل مېۋىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن كېسەلنىڭ يېنىغا خام گۆش، بېلىق، ئىسپىرتلىق ئىچىملىك، تاماكا قاتارلىق يېمەكلىك ۋە دورىلارنى ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. كېسەلخانىدا دوختۇرلارنىڭ تەلىپىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ پاكىزە كىيىنىپ بېرىش، كىيىمنىڭ ئۈستىگە ئاق خالات يېپىنىپ كىرىش، كارىدور ۋە پەلەمپەيلەردە ئاستا مېڭىش، پەس ئاۋازدا سۆزلىشىش، پەقەت ئۆزى يوقلايدىغان بىمار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلەنمۇ سالاملىشىش، ھال - ئەھۋال سورۇشۇش ئاساسىي قائىدىدۇر. بىمار بىلەن سۆھبەتلىشىشتىكى ئاساسىي مەقسەت ئۇنى ساقىيىپ كېتىش ھەققىدە ئۈمىدلەندۈرۈش ھەمدە تىببىي خادىملارغا ئۇنىڭ ئىخلاسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. تىبابەت ئىلمىنىڭ ئاساسىي قوللانمىسى بولغان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىدىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، تىببىي ئىلمدە داۋالاش كېسەللىك، بىمار كىشى ۋە تىببىي خادىمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا بىمارنىڭ ساقىيىشى ئۇنىڭ تىببىي خادىمغا بولغان ئىخلاسىغا كۆپ جەھەتتىن باغلىق بولغان بولىدۇ. بىمار كىشى تىببىي خادىم بىلەن ماسلاشسا كېسەللىك يەككە ھالدا قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىككى كۈچ بولغاچقا غەلىبە قىلماق ئاسانغا چۈشىدۇ. بىمار كىشى ئۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشى ۋە ھاياتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ تىببىي خادىمدىن ئىخلاسى قايتسا ئۆز كېسىلى بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ تىببىي خادىم يەككە ھالەتتە قالىدۇ ۋە بۇ ئىككى كۈچكە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلماق تەسكە چۈشىدۇ. بۇنىڭدا كېسەلنى يېڭىش تىببىي خادىمغىمۇ بىمارنىڭ ئۆزىگىمۇ باغلىق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىمار كىشىنى يوقلاپ بارغان كىشى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان، تەشۋىشلەندۈرمەيدىغان يول تۇتسا ئۇنىڭدا ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق، تىببىي خادىمغا ئىخلاس كۈچىيىدۇ، نەتىجىدە بىمارنىڭ بەدەن ئورگانىزملىرى ئۆز كېسەللىكىگە قارشى ماددا ئىشلەپچىقىرىپ، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان دورىلارنىڭ تەسىرى كۈچىيىدۇ.

ئىبنى سىنا «تىببىي قانۇنلار» ناملىق بەش توملۇق ئەسىرىدە، بىمارنى داۋالاۋاتقاندا كۆڭلىنى ئاچىدىغان گەپلەرنى، ھەزىل - چاقچاقلارنى، ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، بىمارنى كۈلكە بىلەن ئاۋۇندۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. كېسەل كىشىنى دائىم ھاياجانغا سالىدىغان، دائىم كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋاللاردىنمۇ ساقلىنىش لازىم دەيدۇ. ئۇنى ئاسراشتا ۋە ئارام ئالىدىغان ئورۇندا ئۆزىنى ئۇنتۇۋېلىشى، كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئۈمىدلەندۈرۈش لازىم، دېگەننى تەكىتلەيدۇ.

خەلق ئارىسىدا بىمارنى بىر كىشى قىرىق قېتىم ياكى قىرىق كىشى بىر قېتىمدىن يوقلىشى شەرت دېگەن سۆز بار. كېسەلدىن ھال - ئەھۋال سورىغاندا «ياخشىمۇ سىز؟» دېيىلىدۇ. كېسەلمۇ «ياخشى تۇرۇۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كېيىنكى قېتىم كەلگەندە «ئالدىنقى كۈندىكىدىن خېلى تۈزۈلۈپ قاپسىز» دېيىش كېرەك، يەنە كەلگەندە «خېلى تېتىكلىشىپ قاپسىزغۇ» دېيىش. كېيىنكى قېتىم كەلگەندە «تۈزۈلۈپ قاپسىز، چىرايىڭىزغىمۇ قان يۈگۈرۈپتۇ، ئەمدى ئۆزىڭىزنى دادىل تۇتۇڭ» دېگەنگە. ئوخشاش سۆزلەرنى ئېيتىش كېرەك. بۇمۇ بىمارنىڭ كېسەللىككە قارشى كۈرەشتىكى فىزىئولوگىيىلىك ھالىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ.




سوئال: مېنىڭ بالام نوقۇل باشقا كىرىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئاز - تولا ئائىلە ئىشى ئۆگىنىپ قوياي دېگەن ئىدىم. بىراق ئۇ بىر قېتىم ئۆي سۈپۈرۈپ قويۇپلا، مەندىن ئىش ھەققى ئۈچۈن 10 سوم سوراۋاتىدۇ. ئاچچىقىمدا ئۇنى تازا بىر سالاي دەپ بولۇپ، يەنە سىلەردىن مەسلىھەت سوراۋغۇم كېلىپ قالدى، قانداق قىلسام بولار؟

— ئۈرۈمچىدىن: مەدەنىيەت

جاۋاب: بالىڭىزدا «ھەقلىق مۇلازىمەت» ئېڭى پەيدا بولۇپتۇ. سىز بۇنىڭغا ئالدىراپ چېچىلماي، سۈت ھەققى، بېقىش ھەققى دېگەندەك ھەقلەرنى ئېلىپ، ئون سوم پۇلىڭىزنىياندۇرۋالسىڭىز بولمىدىمۇ!

سوئال: بىر دوستۇم ھەمىشە ماڭا: بەزىدە ئىلھامىم ۋاقچىدە كېلىدۇ. قولۇمغا قەلەمنى ئالسىدە ئالسام، كاللام قوپقۇرۇق لاسسىدە بولۇپ قالىمەن، مۇشۇنىڭغا گاچچىدە بىر نەرسە دەپ بەرسەڭ دەيدۇ. مېنىڭچە سىلەر ئۇنى قانائەتلەندۈرەلەيسىلەر، شۇڭا قاس - قۇسلا قىلىپ بىر نەرسە دەپ بەرسەڭلا.

— غۇلجا شەھرىدىن: ئەسئەت

جاۋاب: سىزنىڭ بىزگە ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت. سوئالىڭىزغا قاس - قۇس بىر نەرسە دېمەك تەس ئىكەن. بىراق دوستىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، ئۇنىڭ ئۇنتاق كېسىلى بارمۇ يوق. ئەگەر بولمىسا ئۇنىڭ ئىلھاملىرى چوقۇم يالغان.

سوئال: پروفېسسور بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟

—قەشقەر يېڭىشەھەر يېڭىئېرىق يېزىدىن يۈسۈپ قادىر تۇرسۇن

جاۋاب: پروفېسسور بولۇش ئىرادىسى بىلەن بىلىم بولۇشى كېرەك.

سوئال: ژۇرنىلىڭلار مۇشتىرىلىرىنى بەكمۇ تەقەززا قىلىدۇرىدىكەن، ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىۋەتسەڭلەر بولماسمۇ؟

— يۇقىرىقى ئادرېستا: يۈسۈپ قادىر تۇرسۇن.

جاۋاب: بىزنىڭ مۇشتىرىلارنىڭ تەقەززاسىدىن ئايرىلىپ قالغىمىز يوق.

سوئال: جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىق كەسىپنى مەززىسى يوق دەپ قاراپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تۆۋەن كۆرىدىكەن. سىلەر قانداق قارايسىلەر؟

—بايىنغولىن ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن: تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم

جاۋاب: ئەگەر بۇ دۇنيادا ئوقۇتقۇچى بولمىسا، گويا ئاسماندا قۇياش بولمىغاندەك، جاھان نادانلىق قاراڭغۇلۇقىدا قالماسمىدى؟

سوئال: مېنىڭ بويۇم پاكار، قانداق قىلسام كىشىلەرگە ئېگىز كۆرۈنىمەن؟

— يۇقىرىقى ئادرېستىن، تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم

جاۋاب: ئەقلىڭىزنى كىشىلەردىن زىيادە قىلسىڭىز ئېگىز كۆرۈنىسىز.

سوئال: يولداش تەھرىر مەن دائىم ئۆزەمنى زېرىكىشلىك ھېس قىلىمەن ھەم دائىم بىئارام بولىمەن قانداق قىلسام ئوڭشىلىپ كېتىمەن؟

—قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت

جاۋاب: ئادەم بىكارچىلىقتىن زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىكار ۋاقتىڭىزنى قىزىقىدىغان ئىشلار بىلەن مەھلىيا قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز زېرىكىشلىك بىلەن بىئاراملىقتىن خالى بولىسىز.

## كىشىلىك مۇناسى-ۋەتتىكى ئون نۇقتا

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تۆۋەندىكى ئون نۇقتىنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭ. ئۇ سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ:

(1) باشقىلارنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋېلىش. ئۇنداق بولمايدىكەن، قارشى تەرەپ سىزنى ئۆزىگە ئانچە ئېتىبار قىلمايتۇ، دەپ قارايدۇ.

(2) يۈرۈش - تۇرۇشتا ئەركىن بولۇڭ، بۇنداق قىلغاندا باشقىلاردا غەيرىي چۈشەنچە پەيدا قىلمايسىز. ئۆزىڭىزمۇ كۆڭلىڭىز توق يۈرىسىز.

(3) ئۆزىڭىزدە تېتىك، جانلىق خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈڭ. شۇنداق قىلغاندا قارشى تەرەپ سىز بىلەن بىرگە بولۇشنى خۇشاللىق دەپ ھېس قىلىدۇ.

(4) ئۆزىڭىزنى «ھەممىنى بىلىدىغان»، «قىلالمايدىغىنى يوق» قىياپەتتە كۆرسىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭ. بولمىسا، ئۆزىڭىزنىڭ بوش، ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئاشكارىلاپلا قالماي، باشقىلارغا ئەكس تەسىر بېرىپ قويىسىز.

(5) ئۆزىڭىزدە يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق سۆز - ھەرىكەتنى يېتىلدۈرۈڭ. يۇمۇر لايىقىدا بولۇشى، قىزىقچىلىقمۇ تېتىقسىز بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

(6) ئۆزىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش، كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھەم ئۇنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك، ئۇنداق كىشىلەر بەك قارشى ئېلىنىدۇ.

(7) قالايمىقان غۇدۇرىماسلىق، ئېغىر - بېسىق بولۇش. بۇنداق بولغاندا ئۆزىڭىزنىلا خۇشال قىلىپ قالماي، باشقىلارنىمۇ ئازادىلىك ھېس قىلدۇرالايسىز.

(8) باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپرەك كۆرۈش، پىكرى ئوخشاش بولمىغانلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش كېرەك.

(9) تەبرىك سۆزلىرىنى ئايىماسلىق كېرەك. نەتىجە قازانغانلارنى تەبرىكلەش، ئازاب چەككەنلەرگە تەسەللىي بېرىش كېرەك.

(10) مەڭگۈ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇش، جانسىز بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(ئايدۇكېرىم راخمان. ت)

## ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلمىسى

1. مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى؛ 2. ئانالىز قىلىش ئىقتىدارى؛ 3. ئىجادچانلىق ئىقتىدارى؛ 4. ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى؛ 5. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى؛ 6. ئالاقە ئىقتىدارى؛ 7. ھەمكارلىشىش ئىقتىدارى؛ 8. ئەكس تەپەككۇر ئىقتىدارى؛ 9. نۇتۇق ئىقتىدارى؛ 10. چەت ئەل تىلى ئىقتىدارى.

ئىقتىدار قۇرۇلما سىستېمىسى ھەر خىل ئىقتىدارنىڭ بەلگىلىك سىستېما ئىچىدىكى ئىلمىي بىرىكمىسىنى يەنى ھەر خىل ئىقتىدارنىڭ پۈتكۈل سىستېمىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلمىسىدا ئەڭ مۇھىم ئىقتىدارلىق ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغانلاردىن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى، ئىجادچانلىق ئىقتىدارى ۋە ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(ئۆمەرجان توختى ت)

## بۇرنى بىلەن گەپ قىلىش

لاتىن ئامېرىكىنىڭ ئامازون دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان كارايا جەمەتىدىكى ئىندىئانلارنىڭ غەلىتە گەپ قىلىش ئادىتى بولۇپ، بۇرنى بىلەن گەپ قىلىدىكەن، ئۇلار گەپ قىلغاندا ئەزەلدىن كالپۇكىنى مىدىرلاتمايدىكەن، ئاۋازى پۈتۈنلەي بۇرنى ئارقىلىق چىقىرىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېغىزى ۋە تىلى يېيىش - ئىچىشكە ئىشلىتىلىدىكەن. ئادەتتە سۆزلەشكەندە ئېغىزىنى ئىشلەتمەيدىكەن.

## پاي چېكى

## سودىسىنىڭ تارىخى

پاي چېكى سودىسى بارلىققا كەلگىلى 400 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. 1694 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھىسى ۋىليام III فرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق 12 مىليون فوت ستېرلىنگ توپلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پاي چېكىنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

پاي چېكى بىلەن ئاكسىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەركىن سودىلىشىش بارلىققا كەلگەن. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ مۇقىم سودىلىشىش ئورنى يوق بولۇپ، ئادەتتە قەھۋەخانىلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى. 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە پاي چېكى ۋاستىچىلىرى «يېڭى جوناسن قەھۋەخانىسىدا» پاي چېكى سېتىۋېلىش كۇلۇبى قۇرغان، 1773 - يىلى بۇ يەرنى رەسمىي پاي چېكى سودىلىشىش ئورنىغا ئۆزگەرتكەن. بۇ دەل ھازىرقى لوندون پاي چېكى بازىرىنىڭ دەسلەپكى ئورنى. پاي چېكىنىڭ تارقىتىلىش سانى ۋە پاي چېكى ۋاستىچىلىرىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن، بىر قاتار سودا تۈزۈملىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈپ چىقىلىپ، پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى. قىزىقارلىقى شۇكى، ھازىرقى سودىلىشىش ئورنىنىڭ ھەر كۈنلۈك پاي چېكىنى خاتىرىلەش جەدۋىلى ئەينى ۋاقىتتىكى بىر پاي چېكى ۋاستىچىسىنىڭ ئوغلى قەھۋەخانىدا دادىسىغا ياردەملىشىپ، پاي چېكىنىڭ باھا ئەھۋالىنى خاتىرىلەيدىغان كۈنلۈك ھېساۋات خاتىرىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سانائەت ئىنقىلابىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى تېخنىكىلارمۇ پاي چېكى سودىسىدا ئىشلىتىلمەكتە. تېلېگرامما، تېلېفونلار ئارقىلىق ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ بازار ئۇچۇرلىرى تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈلدى. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ پاي چېكى سودىسىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سودا ئورۇنلىرىدا ئېلېكترونلۇق مېڭە تورىنى شەكىللەندۈردى. بۇرۇنقى سودا ئورۇنلىرىدىكى شاۋقۇن، سۈرەن، قالايمىقانچىلىق ئازايتىلدى. (قەيسەر. ت)

## يېڭى تىپتىكى

## كۆكتاتلار

ئوزۇقلۇقى كۈچلۈك كۆكتاتلار: بۇ خىل كۆكتاتنىڭ ئالاھىدىلىگى كۆكتات تەركىبىدە قوشۇمچە ئىككى، ئۈچ خىل ھەتتا تۆت خىل كۆكتاتنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى بار ئىكەن. مەسىلەن، شوخلا بىلەن ياڭيۇنىڭ كومپلېكسى، تۇرۇپ، قىزىلمۇچ ۋە قىچا تالقىنىنىڭ كومپلېكسى.

رەڭلىك كۆكتات: رەڭلىك كۆكتاتنى يېتىشتۈرۈش، نۆۋەتتە غەرب ئەللىرى پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر تەتقىق قىلىشقا قىزىقىدىغان تېمىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاش رولىغا ئىگە.

ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق ئۆسۈشىنى كونترول قىلىدىغان كۆكتات: بۇ خىل كۆكتات ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇندۇرۇلۇپ، پىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدىكەن.

ئورۇقلىتىدىغان كۆكتات: غەربىي ياۋروپادىكى كۆكتات مۇتەخەسسىسلىرى ئورۇقلاش قىزغىنلىقىغا ماسلىشىپ، مەخسۇس بىر خىل ئورۇقلىتىدىغان كۆكتاتنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ خىل كۆكتاتنىڭ تەركىبىدە مول كالتسىي، ۋىتامىن ھەمدە ئاز مىقداردىكى ۋىتامىن بار. بۇ خىل كۆكتاتنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە يېرىم يىلدىلا بەدەن ئېغىرلىقىنى تۆت سەككىز كىلوگرامغىچە كېمەيتىدىكەن.

(ئابلىمىت مۇھەممەت. ت)

## ھەربىي ئىنتىزام

ئا: بۈگۈنگىدىن كېيىن ئەمدى بىر خىل ناھايىتى ئىنتىزامچان تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولدۇم. ھەر بىر مىنۇتنى ناھايىتى پىلانلىق، بۇيرۇق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم .

ب: مۇبارەكلەيمەن، ھەربىي بولىدىغان ئوخشىمامسىز؟

ئا: ياق ھەي، توي قىلىدىغان بولدۇم.

## كاللام جايىغا چۈشتى

ئايال: توي قىلىشتىن بۇرۇن سىز مېنى پەرى دېيتتىڭىزغۇ.

ئەر: شۇنداق.

ئايال: ھازىر نېمىشقا ئۇنداق دېمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز.

ئەر: ۋاي، قەدىرلىكىم، بۇنىڭلىق بىلەن سىز خۇشال بولسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى ھازىر مېنىڭ كاللام جايىغا چۈشۈپ قالدى.

— ئوماق خېنىم سەيلە قىلىپ كەلمەيلىمۇ؟— دەپتۇ.

— قانداق سارالڭ ئادەم بۇ— دەپتۇ ھېلىقى ئايال، — سىزمېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز، مەن ئۇنداق ئۇدۇل كەلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان ئايال ئەمەس!

— شۇنداقمۇ، — دەپتۇ ھېلىقى دىۋانە.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا مېنىڭ كارىۋىتىمغا چىقىۋالىدىڭىز؟

## ئايال چولپاننىڭ ئېرى

— دوختۇر، دەرھال كەلسىڭىز، ئېرىم ئۆت ياللۇغى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ— دەپتۇ ئايال چولپان ناھايىتى جىددىيلىشىپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، خانىم — دەپتۇ دوختۇر.

— مەن بولتۇرلا ئېرىڭىزنىڭ ئۆتىنى ئېلىۋەتكەن. مەن تېخى بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئۆتى بولىدۇ دەپ ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

— دېگىنىڭىز توغرا، — دەپتۇ ئايال چولپان سەل خاپا بولۇپ، — بىراق سىز ئايال چولپاننىڭ بىرلا ئېرى بولمايدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز.

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

### ئەگەر...

بىر يىگى ئەسكەر ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا كۆندە دېگۈدەك كېچىكىپ چىقىدىكەن. قوماندانى ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمىشقا دائىم كېچىكىپ چىقىسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئۇخلاپ قالىدىكەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەسكەر.

— نېمە؟—دەپ ۋارقىراپتۇ قوماندان غەزەپ بىلەن، — ئەگەر ھەممە ئەسكەر ساڭا ئوخشاش ئۇخلاپ قالسا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ!

— ئۇنداقتا مەڭگۈ ئۇرۇش بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ ئەسكەر.

### خاتا ئولتۇرۇپ قېلىش

بىر ئايال باغچىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ، ئەتراپىغا قارىسا ئادەم بولمىغاندىكىن ئوبدانراق ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، پۇتىنى ئورۇندۇققا ئېلىپ سوزۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن، بىر دىۋانە كېلىپ قاپتۇ-دە، ھېلىقى ئايالغا:

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

### ئانا ۋە قىز

ئانا قىزدىن ناھايىتى رەنجىپ، بىر دوستىغا ھال داتلاپ بېرىپتۇ: «قاراڭ بۇ زاماننىڭ قىزلىرىنى: 16 يېشىدىلا مۇھەببەتلىشىۋېلىپ، ئانىسىنىڭ بۈگۈن 32 ياشقا كىرگەن خاتىرە كۈنى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ھۇ، ۋاپاسىزلار.

### ئايالىدىن قورقۇش

بىرئەر ئوچاققا ئوت سېلىپ شۇنچە پۈۋدىسىمۇ ئوت تۇتاشماپتۇ. ئاخىر ئۇ بىر ئەقلىغە كېلىپ، سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئايالىنىڭ ياغلىقىنى بېشىغا چىگىپ، ئوتنى پۈۋدەپتىكەن، ئوت دەرھال تۇتىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەر ھەيران قېلىپ: «توۋا، خوتۇندىن مەنلا قورقىمەنمىكىن دېسەم، ئوتمۇ قورقىدىكەن ئەمەسمۇ» — دەپتۇ.

### كاتتا مىسال

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىدىن: «بايقاش بىلەن يارىتىش» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قانداق پەرقى بار مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەڭ، — دەپتۇ.

بىر ئوقۇغۇچى «دادام ئاپامنى بايقىغان، دادام بىلەن ئاپام مېنى ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# قوش كۈلكە

(ھېكايە)

قۇربان توختى

بىزنىڭ ئوتتۇرا بوي، لېكىن ۋاقىتسىز سەمرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەرگە تولىمۇ پاكار كۆرۈنىدىغان، ساڭگىلاپ چۈشكەن قاپاقلىرى ئارىسىدىكى كۆكۈش كۆزلىرى بىلەن ئادەمگە تىكىلىپ ـ تىكىلىپ قارايدىغان، قان تەپچىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىدە كۈلكە ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدىغان، كەمسۆز بۆلۈم مەسئۇلىمىز مەن ئېلىپ كىرگەن گېزىتنىڭ نۆۋەتتىكى «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتى ئۈچۈن تەييارلىغان كىچىك بىر ھېكايىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن بۇ گېزىت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۈچ يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم باشلىقىمنى ھاياجانغا سالالىغۇدەك بىرەر ئەسەر تەييارلىيالىغانلىقىمدىن مەمنۇن بولغان بولسام كېرەك، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈپ كەتتىم. قوش ئاۋازلىق ناخشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ قوش كۈلكە ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا باشلىقىمنىڭ چېھرىدىكى ھاياجان ئالامەتلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

— قىزىق، قاسىم ۋالىي ئۆز ئۆيىگە يېنىك دەسسەپ، كىرىپ كەلگەن نامەت ھاكىمنى ئانچە مەنسىتمەپتۇ، ھەتتا ھاكىمنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغان ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قويۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىغا نەزەرمۇ سالماپتۇ. كېيىن ھاكىم بىر ماشىنا ياغاچ ئالغاچ كەلگەنلىكىنى دېگەندىن كېيىن، ۋالىينىڭ چىرايى قايتىدىن ئېچىلىپ،



ھاكىمنىڭ 20 مىڭ يۈەن خىيانەت قىلغان ئوغلىنى «ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشۈرۈۋەرسۇن، يۇقىلاڭلا بىر ئىشكەنغۇ» دەپ، ياغاچىنىڭ خۇشاللىقىدا كۈلۈپ كېتىپتۇ. ھاكىممۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىدىن مەمنۇن بولۇپ، ۋالىيغا ئەگىشىپ كۈلۈپتۇ. دېمەك بابا ئىككىمىز تەڭ كۈلگەنگە ئوخشاش، ئىككى رەھبەرمۇ تەڭ كۈلۈپتۇ دەڭ. ياخشى، ياخشى، تېمىسىمۇ «قوش كۈلكە» دەپ ناھايىتى ياخشى قويۇلۇپتۇ. ئەسەر تاللاش، ئەسەر ئىشلەشكە خېلى پەمىڭىز بار جۇمۇ سىزنىڭ. نۆۋەتتە چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىغا دەل ماس كېلىدىغان ئەسەردە بۇ.

مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەمگىكىمدىن مەمنۇن بولۇپ ماختىنىپ قويدۇم.

— بۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقىنىمغىمۇ خېلى بولدى، ئەسەر تاللاشنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتىنىمۇ خېلى ئىگىلەپ قالدىم. بۇنىدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ...

— بىراق ئۇكا، — باشلىقنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزى گېپىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقى كۈلكىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغان ئىدى.

— بىراق، مۇشۇ ھېكايىچاقنى، سىزنىڭچە، گېزىتكە بەرسەك بولارمۇ؟

مەن ئۆز ئەمگىكىم ئۈستىدىكى بۇ گۇمانىي كۆز قاراشتىن سەل نارازى بولغان بولساممۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردىم.

— ماڭا يارىغانتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ۋەزىيەتكە دەل ماس كېلىدىكەن. شۇڭا تەييارلاپ ئەكىردىم. قالغىنىغا ئۆزلىرى بىر نېمە دېمىسىلە ...

— ھەي ... ي، — دېدى ئۇ بىر خىل ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى بىلەن قولىنى سىلكىپ، — بۇ ھېكايىنىڭ تىغ ئۇچى يەنە كېلىپ ۋالىيغا قارىتىلغىنى ياخشى بولماپتۇ. قېنى، ئويلاپ بېقىڭ. بىزنىڭ گېزىت چىقىرىشىمىزدىكى قايسى بىر قەدىمىمىز ۋالىينىڭ ياردىمىسىز ئىشقا ئاشىدۇ دەيسىز؟ باسمىچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ كويلاپ پۇلنى تەستىقلاپ بەرگەنمۇ، ئىدارىگە كىچىك ماشىنا ئېلىپ بەرگەنمۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىش ئۈچۈن پۇل ۋە يەر ئاجرىتىپ بەرگەنمۇ ئاشۇ ۋالىينىڭ قولى ئەمەسمۇ؟ يازغۇچى دېگەن يازىدۇ. بۇنداق ئەسەردىن كۆرمىگى كېلىدۇ. لېكىن «ياخشى ئەسەركەن» دەپ كۆزنى يۇمۇپلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ كېيىنكى يولىنى چەتلاپ قويساق قانداق بولىدۇ؟ بۇ خۇددى «ئۆزۈڭنى يەپ، ئۆزلۈكىڭنى چاقاي» دېگەندەك بىر گەپقۇ؟ شۇنداققۇ؟ بىز رەھبەر بولغان ئادەم مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلمىساق بولمايدۇ. سىز تېخى ياش، بېشىڭىزدىن ھېچقانچە ئىش ئۆتمىگەن، ئەلۋەتتە بۇ تەرەپلەرنى ئويلاپ كېتەلمەيسىز.

— نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ...

— بىلىمەن. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ماس كېلىدىكەن دېمەكچىمۇسىز، — ئۇ سەل ماڭا زەردە قىلغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — بابا دېدىمغۇ، تەشۋىقاتنى دەپ ئۆزىمىزنىڭ كېيىنكى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىمىزنى ئويلىمىساقمۇ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ۋالىينىڭ زىتىغا تېگىدىغان بارلىق جۈملىلەرنى چىقىرىۋېتىڭ!

— جەمئىيەتتە ۋالىي دېگەن تولا گەپ، بۇ ھېكايىدە پالانى ۋالىي دېمىگەندىكىن، بېرىۋەرسەك ...

— بولمايدۇ، بولمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، جەمئىيەتتە ۋالىي تولا بولغىنى بىلەن، بىزنىڭ ۋىلايەتتە باش ۋالىيدىن قانچىسى بار؟ بىرسى بار، پەقەت بىرسىلا بار. يەنە كېلىپ گېزىت ۋىلايەتنىڭ گېزىتى تۇرسا، ھېكايىنىڭ تىغ - ئۇچى بىزنىڭ ۋالىيغا قارىتىلغان بولماي، يەنە كىمگە بولاتتى؟ ۋالىينى مۇنچىلىك ئىشنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، سىز - بىزنى باشقۇرۇپ يۈرەمتى؟ سىز بىلمەيسىز، قاسىم ۋالىي

دېگەنچۇ؟ ھەي ... ي، ئەگەر سىزنىڭ مۇشۇ گەپنى دېگەنلىكىڭىزنى ئوقۇپ قالسىمۇ، سىز ئۆزىڭىزنى بۇ ئىدارىدىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر سەھرانىڭ، سەھرا بولغاندىمۇ شارائىتى ئەڭ ناچار بولغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىدە دەرس بېرىۋاتقان ھالەتتە كۆرىسىز.

— بۇ يەردە قاسىم ۋالىينى دېگىنىم يوقغۇ. يازغۇچىمۇ ئۇنداق دېگەن ئەمەس،

— بىلىمەن، بىلىمەن. تولا گەپدانلىق قىلماڭ. مەقسەت ئېنىق، ئايالىمنىڭ رەسمىيلىشىش ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بەرمىگەندىكىن دەپ شۇنداق قىلغانسىز تايىنلىق.

— مۇدىر، بۇ گەپ بەك ئېشىپ كەتتى. ئەسەر ياخشى ئىكەن. شۇڭا ...

— ھە، ئەسەر ياخشىكەن دەڭ. سىزنىڭچە بىرەر ئامالالارنى قىلىپ بەرسەك بولىدىكەن - دە، ئۇنداقتا قانداق قىلساق بولار؟

مۇدىر ماڭا ئازراق ئىمكانىيەت بەرگەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارىشىمنى تېزلا ئۆزگەرتتىم.

— ئۇنداقتا، ۋالىي دېگەننى بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى دەپ ئۆزگەرتسەك، ياغاچ ئېلىپ كەلگۈچىنى بىر يېزىنىڭ باشلىقى دېسەك بولماسمۇ؟

— ھا، ھا، ھا، ... — بۆلۈم باشلىقى زورىغا قاتتىق بىر كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن؛ ئانچە مەنسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە باشلىدى، — دېدىمغۇ، ھەر بىر ئىشتا ئېھتىياتچان بولمىساق بولمايدۇ. ھاكىملارنىمۇ شەيتىنىڭىز ئۇنچىۋالا كىچىك كۆرسەتمىسۇن. تۆۋەندە ئەمەلىي ھوقۇق تۇتۇپ ئىش بېجىرىۋاتقانلار، ئەنە شۇ ھاكىملار. مېنىڭ ئۇلارغا ھاجىتىم چۈشمەيدۇ دېيەلەمسىز؟ ئەتە ئۆرۈپ، ئۆگۈنلۈككە ئۆي سالىمەن دەپ قوپارسىز، ھەقىنچان. ئۇ چاغدا ياغاچ ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئاشۇ ھاكىملار بولمىسا، قايەردىن ئالىسىز؟ سىزنىڭ بىر يەردە تىكىپ قويغان دەرىخىڭىز، ئېشىپ تۇرىدىغان پۇلىڭىز بارمۇ يا؟ ئەلۋەتتە بۇ تەرەپلەرنى ئويلاش كېرەك ئۇكا، ئالايلۇق، ئەڭ ئاددىيسى ناھىيىلەرگە مۇخبىرلىققا بارغىنىڭىزدا، سىزنى كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززىتىڭىزنى قىلىدىغانمۇ، ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغانمۇ يەنە شۇ ھاكىملار ئەمەسمۇ؟ — ئۇ سەل توختىۋالغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇناسىۋەتكە سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇكا. ئۇنچە گۆدەكلىك قىلماڭ. بۇ يەردە مەن بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي.

يۇلتۇز تېرەك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىم، دەگە، مەكتەپ مۇدىرىمىز ئۆزىنى چاغلىماي، تولا شىلتىڭ ئاتىدىغان بولۇپ قالدى. ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ، ھەممىنى بىلىدىغان قاتارغا ئۆتىۋېلىپ سۆزلەيدۇ، يېڭىلىقلارنى ياراتمايدۇ. ئاخىرى غەزىپىمنى باسالماي، «ئوقۇمۇشلۇق زات» سەرلەۋھىلىك بىر فېليەتون يېزىپ گېزىتكە ئەۋەتتىم، دەگە، كاساپەت ھايال ئۆتمەيلا بېسىلىپ چىقتى دېمەمسىز، قاتتىق خۇش بولدۇم. مۇدىردىن رەنجىپ يۈرگەنلەرمۇ خۇش بولۇشتى، قابىلىيىتىمگە بارىكاللا ئېيتىشىپ ماختاشتى، تەبرىكلەشتى. كۈلدۇق، ناخشا ئېيتىشتۇق، ھاراق ئىچىشتۇق ... لېكىن باھارنىڭ جۇدۇنى بولغىنىدەك، كۈلكىنىڭمۇ يىغىسى، قايغۇسى ۋە مۇڭى بولدى. ئاخىرى نېمە بولدى دېمەمسىز؟ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر باھانە - سەۋەبلەر بىلەن باشلانغۇچقا، باشلانغۇچ بولغاندىمۇ يۇرت ئىچىدىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراق بولغان «جاڭگىلىشەسكى» ناملىق مەيداندىكى بىر سىنىپلىق مەكتەپكە يۆتكىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىللىق ئائىلىدىن، ئوماق باللىرىمدىن، مېھرىبان ئايالىمدىن ئايرىلىپ، ئاچلىق ۋە يول ئازابىنى ئىككى يىل تارتتىم. يۆتكەپ قويۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماس - يېلىنىشلىرىم كار قىلمىدى. ئاخىرى

قانداق قىلدىڭ دېمەمسىز؟ يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ خىزمەت تەكشۈرۈپ يانارىدا مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇندىن كېيىن بىر نەرسە يازمايمەن، دېگەن ۋەدەمنى بۇزۇپ، «قۇملۇقتىكى باھار»ناملىق خەۋەر ماقالىسىنى يېزىپ، سېكرېتارنى بولدى دېگۈچە ماختىدىم. ماقالەم ئېلان قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كاتىپ بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدىم، دەڭ. شۇنداق قىلىپ قەلەم كۈچىنى نەگە، قايسى يول بىلەن ئىشلىتىشنى بىلىۋالدىم. ئىشلىرىم خېلى يۈرۈشۈپ، ئائىلە قىيىنچىلىقىمۇ تېزلا ھەل بولۇپ كەتتى. ئادەم دېگەن تەمەخور، شۆھرەتپەرەس كېلىدىغان ئوخشايدۇ. تۆرلىگەنسېرى ئۆرلىگىڭ كېلىدىغان، شارائىتىڭ ياخشى بولغانسېرى يەنىمۇ ياخشى شارائىتقا ئىگە بولغۇڭ كېلىدىغان گەپكەن. ئاخىرى قانداق قىلدىڭ دېمەمسىز، ھاكىمنىڭ يېزىمىزدا قىلغان ئازغىنە بىر ئىشىنى يىپ ئۆچى قىلىپ، «ھاكىمنىڭ خىسلىتى» دېگەن ئوچېركنى يېزىپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن ئاۋۋال ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە، كېيىن ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كاتىپ بولدۇم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋىلايەتنىڭ مۇشۇ ئورگان گېزىتىگە تەھرىر بولۇپ يۆتكەلدىم. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئەمدىلىكتە بولسا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتىمەن. مانا بۇ كىشىنى قايىل قىلىدىغان جانلىق پاكىت، ئۆرلىشىمدىكى ئاساسىي كۈچ — ئېھتىيات ياغىچىدىن ھوشيارلىق بىلەن پۈتكەن ئىجادىي ئەمگەك شوتىسى. ئىقتىدار بولغان بىلەن، ئۇنى جايىنى تېپىپ ئىشلىتىشنى بىلمىسەك بىكار. مۇناسىۋەتكە ئەلۋەتتە سەل قارىغىلى بولمايدۇ، قانداق دېدىم؟

— يېزا باشلىقلىرىنىڭ نامىنى ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ دەڭە، مۇدىر؟ — دېدىم مەنمۇ ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى غەزەپ ۋە ئەلەمنىڭ ھەممىسىنى شۇ بىر ئېغىز كىنايىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە شۇنداق. ھەممىمىزنىڭ كۆزىمىز چۈشۈۋاتقان، ھەر قەدەمدە بىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان يەرلىك مەسئۇلاتلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا، بۇ ھېكايىنى ...

— قىپقالسۇن. بىر ھېكايە قىپقالغانغا گېزىتىمىز ئاق چىقمايدۇ، دەڭە. ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىمىزنىڭ يولىنى چىتلىماسلىقىمىز لازىم، ئۇكا. قانداق دېدىم؟

سۆھبەت مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنە مېنىڭ ماقۇل دېمەسكە نېمە ئامالىم بولسۇن؟ مەن بۆلۈم باشلىقىنىڭ ماڭا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر خىل سىرلىق تۇستە قاراپ تۇرۇپ، ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا دېدىم:

— بولىدۇ، قېپ قالسۇن.

مۇدىر ئۆزىنىڭ «ئەقىللىق ۋە دانالىقى» دىن مېنى «قايىل» قىلغانلىقىغا پەخىرلەنگەن بولسا كېرەك، ھاياجان بىلەن كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا نارازىلىقىمنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلدۈم. بىر خىل چۈشىنىكسىز «ھاھ - ھاھ»ساداسى ئىشخانىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇ قوش كۈلكە مۆھتەرەم كىتابخانلارغا ئوخشاش بولمىغان تەسىرات ۋە لەززەت-بېرەلىگۈسى.

## قۇشلارنى تونۇش

مۇئەللىم: سەن بۇ ئىككى قۇشنىڭ قايسىسىنىڭ قالغاچ، قايسىسىنىڭ قۇشقاچ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەمسەن؟

ئوقۇغۇچى: مەن كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن، ئەمما ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

ئوقۇتقۇچى: ئەمسە دەپباقە.

ئوقۇغۇچى: قالغاچنىڭ يېنىدىكى قۇچقاچ، قۇچقاچنىڭ يېنىدىكى قالغاچ.

## سىز ھاكىممۇ

(ھېكايە)

پازىل قادىر

يېزىلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ نۆۋەتچى ئىشخانىسىدا بىلەت ساتقۇچى قىزچاق بىلەن بوغالتىر قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

— ئەگەر مېھمانخانىنى كۆتۈرە بېرىدىغان بولسا، بىرىنچى بولۇپ مەن خېرىدار بولىمەن، — دېدى بوغالتىر مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — شۇ چاغدا قېنى قانداق باشقۇرىدىغىنىمنى بىر كۆرۈپ بېقىڭ، ئەڭ ئالۋال مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، خېرىدارنى خۇدا دەپ بىلىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزىمەن.

— سىز كۆتۈرە ئالسىڭىزمۇ بىسمىللاسىدا «خادىملارنى قىسقارتىمەن» دەپ چۈشەرسىز.

— بۇنىسى راست، شۇنچە نانقېپىلارنى يىغىۋېلىپ نېمە قىلىمەن.

— تۇنداقتا بىزنىڭ كۈنىمىز تەس بولىدىكەندە؟

— نېمىشقا؟

— بىزمۇ بىر نان قېپىغۇ؟

بوغالتىر بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ۋاي، ۋاي، ۋاي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز. مەن سىزنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان خادىملار تىزىملىكىنىڭ بىرىنچىسىگە يازىمەن. سىز دېگەن ئىختىساس ئىگىسى، بىز ئەنە شۇنداق ئىختىساس ئىگىسىگە مۇھتاج.

— بىزنىڭ پۇل ساناشتىن باشقا نېمىگە ئىقتىدارىمىز يېتەتتى.

— شۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئىقتىدار دەڭە. مېھمانخانىنى ئەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، كىرىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، يېڭى - يېڭى ھېسابات دەپتەرلىرى ئېچىلىدۇ. ئەنە شۇلارنى سىز باشقۇرۇسىز- دە!

تۇيۇقسىز كارىدورنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، 35 ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي تۆڭلۈك، ئاددىي كىيىنگەن بىر كىشى كىرىپ، بىلەت سېتىش تۆشۈكى ئالدىغا كېلىپ سومكىسىنى يەرگە قويدى.

ئىككىيلەن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بۇ كىشىگە نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويماستىن پاراڭنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

— ئاغزىڭىزدا مۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن بەزى كىشىلەر ھوقۇق ئىگىلەپلا ھالىنى ئات تارتالماي



قالدۇ. ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن ئۇستۇرۇلسە، چۈشتىن كېيىن، باشقىچە قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئەمەلدارلارغا خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ، ئۆزۈەندىكىلەرگە ئۈكتۈق قىلىدۇ. سىزمۇ شۇنداق بولۇۋالارسىزمىكىن؟

ھېلىقى كىشى بۇلارنىڭ پارىڭىغا بىردەم قۇلاق سالغىنىدىن كېيىن، پاراڭنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى بىلدىمۇ ـ قانداق:

—يولداش مەن ياتاق بىلىتى سېتىۋالماقچىدىم، — دېدى.

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمىدى. ئۇلار ھە دەپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى پىلانى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتى.

— سىزنىڭچە بۇ مېھمانخانىنىڭ كىرىم - تاپاۋىتى بولارمۇ؟

—تېمىشقا بولمايدىكەن؟ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلىساق، ياتاق باھاسىنى ئۆستۈرىمىزدە! ھازىر بىر كارىۋات ئۈچ يۈەن. تۆت يۈەنلىك رەختتىن ئىككى مېتىر ئېلىپ، چىرايلىق ئەديال قىلىپ يېپىپ قويساق باھاسى ئون يۈەنگە چىقىدۇ. ھەممە ئىشتا پەم بولۇش كېرەك.

— ھېلىقى كىشى ئۈنلۈكرەك ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

— يولداش مەن بىلەت ئالماقچى ئىدىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى قىزچاققا باشقىچىرەك تەسىر قىلدىمۇ قانداق، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە سائىتىگە بىر قارىدى:

— ھازىر دەم ئېلىش ۋاقتى. سەل توختاپ تۇرۇڭ.

— مېنىڭ يەنە باشقا ئىشلىرىم...

—قۇلىقىڭىزگەپ ئاڭلىمىدۇ، سەل توختاپ تۇرۇڭ دېدىمغۇ، — ئۇلار يەنە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈشتى.

— ئەگەر ھۆددە بېرىشكە قوشۇلمىسىچۇ؟

— شۇمۇ گەپمۇ؟ يېقىندا يۇقىرىدىن بىر مۇئاۋىن ھاكىم كەپتىمىش. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ناھايىتى ئىنچىكە رەمەن، ئويۇنچى ئادەم ئىمىش، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرىمىز دەڭە.

— يا ھەزرەت، سىز ناھايىتى قىزىق ئادەم جۇمۇ، — دېدى بىلەت ساتقۇچى قىز. ھېلىقى كىشى كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالغاچ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

شۇ ئەسنادا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى كىرىپ كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى بۆلدى:

— ناھىيىگە يېڭى كەلگەن ھاكىم بۈگۈن يېزىمىزغا چىقىدىكەن، ئۇبدانراق ياتاقتىن بىرنى تەييارلاپ قويۇڭلار.

— بەللى، بەللى، — دېدى بوغالتىر چاۋاك چېلىپ، — ئىش ئوڭدىن كەلسە، ئامەت ئۈگىنۈكتىن چۈشىدۇ، - دېگەن شۇدە.

— بۈگۈنزە كارامىتىڭىزنى بىر كۆرسىتىدىغان بولدىڭىز - دە.

— ئىشنى مانا مۇشۇ يەردىن باشلايمىز، — بوغالتىر قىزچاقنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىۋېتىپ، بىر دەم جىم بولدى - دە، چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ قىزچاققا بۇيرۇق قىلدى:

— سىز ھازىرلا مەخسۇس بىر ياتاقنى تەييارلاڭ، ئەديالىرى يېڭى بولسۇن، ئەتىر چېچىڭ، مەن كەچلىك بەزمىنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي، ئىشنى مانا مۇشۇ يەردىن باشلايمىز. قىزچاق ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. كاتىپمۇ باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇپ چىقىپ كەتتى. بوغالتىر يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، تېلېفون بىردىنلا جىرىڭلىدى.

بوغالتىر دەرھال تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

—ھە، مەن مېھمانخانىنىڭ مەسئۇلى، ئابدۇراخمان شەنجاڭ دېدىڭىزما؟ ھېلى تېخى خەۋىرى كەلدى؛ ئۆزىنى تېخى كۆرمىدۇق... جىددىي ئىش دېدىڭىزما؟ كەلسە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېفون بەرسۇن دەپ قويامدىمەن؟ ھە ماقۇل....

ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىشى شۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا بىلەت سېتىش ئۆتۈشكى ئالدىغا كەلدى.

—... بولىدۇ، چىققان ھامان ئېيتىپ قوياي، سىزگە تېلېفون بەرسۇن. بوغالتىر تېلېفوننى قويۇشقا تەمشىلىۋېدى، ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى:

— يولداش، تېلېفوننى ماڭا بېرىڭ.

— سىز كىم بولىسىز؟

— ئۇلار ئىزدەۋاتقان ئابدىراخمان دېگەن مەن بولىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوغالتىرنىڭ قوللىرى تىترەپ ئورۇپكا يەرگە چۈشۈپ كەتتى.. بىلەت ساتقۇچى قىزچاقمۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئىككىسى تەڭلا ھېلىقى كىشىدىن سورىدى:

— سىز يېڭى كەلگەن ھاكىممۇ؟!

## ھېكمەت دۇنياسى

ئەركىن ۋە ئادىل بىر دۆلەتتە، بايلىق ھورۇن ۋە قابىلىيەتسىزلەر ئىلكىدىن ئىشچان، باتۇر ۋە ئىرادىلىكلەر ئىلكىگە ئۆتىدۇ.

— گېمبىرسون

ئەڭ ئالىي قانۇن شۇكى مالنى ئىشلىتەلمەيدىغان ئىگىسىگە بېرىش.

— تورۇ

كىشىلەر موقۇق جەمئىيەتتە تولۇق باراۋەر بولۇپ بولغاندا، ئەخلاق ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مال-مۈلۈك جەھەتتە كىشىلەر ناھايىتى باراۋەرسىز بولىدۇ. بىرسىنىڭ كىيىمى بولسا، بىرسىنىڭ يېرى بولىدۇ.

— گېمبىرسون

نامرات ئادەمنى قوشنىسىمۇ ياقتۇرمايدۇ. باينىڭ دوستى كۆپ بولىدۇ.

— «گىنجىل»

تېز بېيىيمەن دېسەڭ، جازالانماي قالمايسەن.

— «گىنجىل»

ئەمەلىيەتتە مەن ناھايىتى باي چۈنكى مېنىڭ كىرىمىم چىقىمىمدىن كۆپ، يەنە كېلىپ مېنىڭ چىقىمىم ئارزۇيۇم بىلەن ئوخشاش.

— گىببون

نامراتلىق — ئىنسانىيەت بەختىنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى، ئۇ ئەركىنلىككە بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ، باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزمايدۇ، كۆپ ساندىكى ئادەملەرنى ئىنتايىن قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

— جونسىن

مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىلگىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك. لېكىن، قارارقىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تەشۋىش قىلماسلىق كېرەك.

— دېيىل كارنېگ

يۈزۈڭنى ئاپتاپقا تۇتساڭ كۆلەڭگەڭنى كۆرەلمەيسەن.

— ھېلىن كېللېر

ئەگەرسەن خىزمەتنى سۆيمەي، ئۇنىڭدىن بىزار بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى خىزمەتنى تاشلاپ، چېركاۋ ئالدىدا ئولتۇرۇپ

## ھېكمەت دۇنياسى

ئىشتىن خۇشال-خورام يانغانلار بەرگەن سادىقىنى ئال.

— كاللىل گىبلان

ئالدىراش بولغىن، ئالدىراش ئۆتكىن- بۇ، دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان دورا، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى دورىلارنىڭ بىرى.

— دېيىل كارنېگ

ئاۋۋال قىيىن ئىشنى قىلساڭ، ئاسان ئىش ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ كېتىدۇ.

— دېيىل كارنېگ

ئەگەر بىز تېخىمۇ كۆپرەك ئەترگۈل ئالماقچى بولساق، تېخىمۇ كۆپ ئەترگۈل تىكىشىمىز كېرەك.

— گېئورگي ئېلىئوت

چىدامىلىق بولۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ چوڭ بىر ئامىلى، ئىشكنى ئۇزاققىچە قاتتىق چەككەندىلا، ئادەمنى ئاخىر ئويغاتقىلى بولىدۇ.

— لوڭفىللوۋ

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بىلەن مەغلۇپ بولغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ يەردىكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ھەمىشە خاتالىقتىن نەپ ئالالايدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەكرار ئىزلىنىدۇ.

— دېيىل كارنېگ

ئورنىدىن كېچىكىپ تۇرغانلار كۈن بويى قاتىرىغان بىلەنمۇ ئۆز ئىشىنى پۈتتۈرەلمەيدۇ، ھورۇنلار قېرىشقاندەك قاشاڭلىق قىلىدۇ، نامراتلىق ئۇلارنى قوغلاپ يېتىۋالىدۇ.
سەن ئىشىڭنى سۆيلىگىن، ئىش سېنى سۆيلىمىسۇن.

— فرانكلىن

ھەرقانداق ئىشتىن مەيۇسلەنمىگىن. ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭىكى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋازكەچمە. بۇ، كۆپ ساندىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ تاكتىكىسى. دەرۋەقە، مەيۇسلىنىش مۇمكىن، ئەمما مۇھىمى ئۇنى يېڭىش كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلالىساڭ، پۈتۈن دۇنيا سېنىڭ بولىدۇ.

— دېيىل كارنېگ

# 1993 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە

جۇڭگو مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى
.................. ليۇ شيەنجاۋ (1.4)
ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە
تەكلىپ ............... خۇاڭ فېي (1.9)
زامانىۋى تېپتىكى مىللىي گۈللىنىشنىڭ مىقدار
كۆرسەتكۈچى ھەققىدە تەسەۋۋۇر .......
............... جاڭ تيەنلۇ (1.42)
جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك .... جاڭ ۋېنفې (1.20)
مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى گۆھەر — ئالاتاۋ ئېغىزى
................. ئەخمەتجان (1.29)
مىللىي ماتارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر يولى
............. مۇھەممەت قۇددۇس (1.35)
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش
كېرەك ............ ئىسمائىل ئەھمەد (2.4)
مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرى ئىقتىساد قارىشىنى
تۇرغۇزۇپ، مىللەت قارىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك
................. ۋۇ بېڭجىن (2.9)
مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا
بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك
.................. ۋاڭ جۇنگو (2.12)
ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا بېغىشلانغان
بەت ...................... (2.32)
ئىدىيىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى
ئوبدان ئىشلەيلى ........... جاۋيەنىيەن (4.4)
ئىشەنچ ۋە تەقەززالىق ............ لياڭ لى (4.7)
يۈكسىلىۋاتقان قەشقەر ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا خەلقئارا
سودا بازىرى .......... ئىمنىقارى قېيۇم (4.20)
مىللەتلەرگە ئائىت نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتەيلى
.............. ئىسمائىل ئەھمەد (3.4)
قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خىرىسنى
كونتروللۇق بولىدۇ ....... ئوۋ ياڭسۇڭ (3.11)
چىبگىرا رايونىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت
ئاپپاراتلىرىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك
.......... دۇۋەن ئېرىيى، يەن ۋېنفا (3.17)
«مىللەت پىسخولوگىيىسى» ھەققىدە قىسقىچە
مۇلاھىزە ............ تىلىۋالدى ئەيسا (3.43)
غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، كىشىنى
خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت .........
................. ئوز مۇخبىرىمىز (5.4)
ئاز سانلىق مىللەتلەر ماتارىپىنىڭ مېخانىزمىنى
ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ...... جاڭ خۇاجى (5.9)
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مىللەتلەر
مەسىلىسى ........... جىن بىڭگاۋ (5.13)
بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مىللىي ماتارىپنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى
قاراشلىرىم ........... ۋېي پېڭفېي (5.17)
يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي كادىرلار خىزمىتى
....................... لى يۈنچاڭ (6)
شارائىت يارىتىپ ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىپ، مىللىي
ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرايلى .......
................. ۋاڭ ليەنفاڭ (6)
ئىلگىرىكى ئىشلارنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسى ئۈچۈن
يول ئاچايلى ......... ئىسمائىل ئەھمەد (6)
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ ـ تېخنىكا
ماتارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ....
................... ھەبىبۇللا خوجا (6)

## مىللەتلەر قانۇنچىلىقى

مىللەتلەر قانۇنىنىڭ نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى
كۈچەيتىش كېرەك ................. (1.33)
«ئۈچ قىتىرۇش» — ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى يېڭى قەدەم
............... خۇاڭ جۇڭسېن (2.37)

## مىللەتلەر ۋە ئاپتونوم جايلار


يۇغۇر مىللىتى ۋە سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى
·················· ئەلسۇيەر (3.22)
مېنىڭ يۇغۇر مىللىتىم، مېنىڭ چىلىيەنشەن تېغىم
······················ تۇمۇر (3.25)
باۋئەن مىللىتى ۋە ئاپتونوم ناھىيىسى ··· ئەلسۇيەر (5.21)
مېنىڭ تۇيۇم جىشىشەندە ······· ماجيەنلوڭ (5.24)
دۇڭشياڭ مىللىتى ۋە دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى ····
······················ خېلىل ئەلى (6)


## مىللەت خەزىنىسى


ئون ئىككى مۇقام پايتەختتە ··············
··············· ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن (1.15)
مىللىتىم ۋە گۈل ······ ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت (1.47)
«يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى» ۋە «تۆگە قوشى» روھى
··········· ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1.25)
ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ··· ئۇردى قادىر نازىرى (2.14)
ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى كاھىش نەقىشلەر
············· ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت (2.17)
ئۇيغۇرلارنىڭ تەنتەنىۋى تائامى — توخۇ كاۋىپى ····
··········· مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (2.18)
شىنجاڭنىڭ ياۋا ياڭىقى ·········· ماھىرە (2.19)
قەدىمكى خوتەن پىلىچىلىكى ······ جاپپار رەھىمى (2.41)
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى ········
················ مۇھەممەت زۇنۇن (4.12)
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن تەرمىلەر ······
······················ باتۇرجان (4.11)
ئۇيغۇر پىچىقى ······ ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت (3.39)
چىرىبىننىڭ قىرىمچىلىق سەنئىتى ·········
··········· مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (3.41)
ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بەلبېغى — پوتا ············
············ مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (5.36)
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى — ئوسما
················ ئازادگۈل مەڭسۇر (5.38)
چىرىبىيە ئەرلىرىنىڭ باش كىيىمى - تەلپەك ······
················ مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (6)
ھېكمەت دۇنياسى ······· يارمۇھەممەت تاھىر (6)
ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى
················ ئىمىنجان ئەخمىدى (6)


## مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت


ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ··············
······· ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق (4.23)
كىيىنىش مەدەنىيىتى ······· كېرىم مەھمۇدوۋ (4.26)
ئۇيغۇر چاقچاقلىرى ····· ئابدۇكېرىم راخمان (4.33)
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تاغ ئېتىقادى ··········
················· راھىلە داۋۇت (4.42)
ئۆرپ-ئادەت توغرىسىدا ··· ئابدۇكېرىم راخمان (3.26)
ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر (2) ·········
········ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق (3.29)
ئۇيغۇرلاردا سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى ·····
················ ئابدۇكېرىم راخمان (5.33)
قاراقۇرۇمدىكى «بورگە» ئويۇنى ··············
·········· مۇختەر مامۇت، ئابدۇلئەمەت (6)


## شەخسلەر


بەرپاب ماھىرى — ساۋمياۋدا ··············
·········· ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (1.50)
كامال تاپ كامال ئاكا ········· ئېزىز ئالىم (2.30)
ئۇنىڭ ناخشىسى ياڭرىماقتا ··· تەلئەت ئىبراھىم (4.36)
ئابدۇكېرىم نەسىردىن ۋە ئۇنىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرى
················· بەي جيەنجۈن (3.32)
تەكلىپ مەستانىسى ········· لەن جىچى (3.34)
مەنئىيەت سېپىدىكى ھارماس ئۇلپار ············
················ تەلئەت ئىبراھىم (5.25)
شى جۈن: ھەم ئەمەلدار ھەم ئالىم ···· جاڭ رۇ (6)
ئۇردى ئىمىننىڭ سەنئەت يولى ····· فېي لۇۋېن (6)


## دۇنيا مىللەتلىرى


پارسلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ··· مۇرادىل (1.56)
ئامېرىكىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ·····
················· جۇشىچاڭ (2.23)
مېلانېزىيىلىكلەرنىڭ نىكاھ ئادەتلىرى ·· ئەنۋەر (2.24)
پاكىستاندىكى ئاھالىسى كۆپ مىللەتلەر ·······
··················· ئۆمەر (3.36)
فرانسۇزلارنىڭ گۈل تەقدىم قىلىش ئادىتى ···· (3.37)
ئامېرىكىدا مۇھەببەت ۋە توي ···· مۇرادىل (5.41)

## سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز

ئۈنۈم ۋە ئىجادىيەت خاسلىقى ..........
.............. ئىسلامجان شېرىپ (4.45)
دوستلۇق .......... شۆھرەت نىغمەت (4.35)
تەپەككۇر دۇردانىلىرى ..... مۇراددىل تەييارلىغان (4.49)

## كىتابخانىلاردىن خەت

تامغا بىلەن ۋىۋىسكىدىكى يېزىق بىردەك بولۇشى
كېرەك ........................ (2.61)
كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان زېھىن سىناش
مۇسابىقىسى ....................... (2.61)
مېنىڭ تەكلىپىم ..................... (2.61)
«ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» ھەققىدە ئىككى ئېغىز
سۆز .......... مۇھەممەتجان قاسىم (4.54)

## تەرمىلەر

يۇمۇرلۇق قەبرە يادنامىلىرى .............. (1.41)
سىگانلارنىڭ مەنبەسى ................ (1.41)
ئۆزگىچە ئادەتلەر .................... (1.40)
ئاق خوراز گۆشى بىلەن دىئابىت كېسىلىنى داۋالىغىلى
بولىدۇ ....................... (1.40)
باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ............ (2.40)
دۇنيا بويىچە ئون چوڭ باي دۆلەت ........ (2.52)
مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ كىچىك يېزا — يۇمىن
يېزىسى ....................... (2.52)
دۆلەت گېربىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر ..... (2.13)
ئىنجىلنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى ......... (2.54)
نوبېل مۇكاپاتى ..................... (2.52)
ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە قۇرئان كەرىم ........ (3.45)
ھەر قايسى ئەل ئاياللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى .... (3.48)
ئاقمۇچ ۋە توخۇم بىلەن بۆرەك كېسىلىنى داۋالاش ..
........................... (3.48)
ئەڭ تېز يۇگۇرەيدىغان بويىزۇ بوۋاي ........ (3.48)
«ئاق تۇكلۇك ئادەملەر» ئارىلى ............ (3.49)
نېمە ئۈچۈن «نىكوتىن» دەپ ئاتىلىدۇ ....... (3.49)
ئادەم مەڭگۈ تۇنۇگۈنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكى
كېرەك ........................ (3.41)
چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلغاندا ........ (3.20)
بازار ئىگىلىكى ۋە كۆز قاراش جەھەتتىكى ئالتە چوڭ
ئۆزگىرىش ..................... (3.52)
كىشىلىك ھايات ۋە شاھمات .............. (3.50)
ئۈنجى بانكا قانۇنى ................... (5.48)
ئەڭ كىچىك مۇتەخەسسىس ............. (5.49)
ئوت ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى .... (5.48)
مەجبۇرىي ياتلىق قىلىش ................ (5.49)
زامانىمىزدىكى بىر دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى
........................... (5.50)
بىر نەچچە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ چەت ئەلچە نامى
........................... (5.49)
پاي چېكى سودىسىنىڭ تارىخى ............ (6)
يىڭى تېپىلغان كۆكتاتلار ................ (6)
كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئون ئۇقتا .......... (6)
ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلمىسى .. (6)
بۇرنى بىلەن گەپ قىلىش ................ (6)

## بىلىۋېلىڭ

ئاكسىيە كاپىتالى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە
.............. مۇھەممەت قۇربان (1.27)
يىلەن دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىسى
.......... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (2.20)
تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى ..........
................... ۋەلى بارات (2.43)
پاي چېكى دېگەن نېمە ...... شۆھرەت ئەخمەت (2.45)
ئادۇۋكات بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش
كېرەك .................. دولقۇن (2.47)
بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟ ............ (2.53)
يۈرەك سانجىقى قوزغالغاندا ...... ئەيسا ناسىر (2.48)
«36» ھىيلە دېگەن نېمە؟ ......... ماھىرە (2.22)
«ئۇيغۇر» بىلەن «مۇسۇلمان» دېگەن ئۇقۇمنىڭ
مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى ..... ئەمىن ئۇرى (4.31)
تۈرك مۇنجىسى ...................... (4.32)
ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرى ............ (4.40)
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىل مۇلازىمىتى
........................... (4.51)
ئىرق، مىللەت ...................... (4.40)

ئاياللار دۆلىتى …………………… (4.40)
قىزىل چېكىت …………………… (4.41)
تۈت پايتەختلىك دۆلەت …………… (4.41)
دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك دۆلەت ………… (4.41)
ھونلار ۋە ۋېنگرىيە ………………… (4.53)
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر
…………………………… (5.40)
تۇزنىڭ شىپالىق رولى ……………… (5.48)
ياقۇتنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيىنى بار ……… (5.49)
خەت يېزىش قائىدىلىرى ………………………
………… قۇربان توختى تەييارلىغان(5.43)
ئالتۇننىڭ شىپالىق رولى ……………… (5.55)
بىمار يوقلاش قائىدىلىرى …… قۇربان توختى تەييارلىغان(6)

## يېڭى ئىزاھلار

شەيتان لۇغەت…………………… (1.49)
شەيتان لۇغەت…………………… (2.56)
شەيتان لۇغەت…………………… (3.53)
شەيتان لۇغەت…………………… (4.53)
شەيتان لۇغەت…………………… (5.53)

## دەردىڭگە دەرمان بولاي

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب ………… (1.55)
ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب ………… (2.55)
ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب ………… (3.54)
ھەزىل سوئالغان ھەزىل جاۋاب ………… (4.52)
ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب ………… (5.52)

## گۈلدەستە

قارا كۆڭۈل هالك(ھېكايە) …… ئەخمەتجان ئوسمان(1.60)
ئىككى نەسىر ……………… تاگور (1.63)
ئىدىيىنىڭ تۇغۇلۇشى(نەسىر) …… تەۋفىق ھەكىم(2.57)
نەسىرلەر ……………… ئەخمەت ئىمىن (2.59)
تارازا (نەسىر) ………… ئەخمەت ئىمىن (4.58)
ناخشا ھەققىدە رىۋايەت (نەسىر) ……………
………………… ئەنۋەر تاشتۆمۈر (4.59)
بۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا(نەسىر) … تاگور(4.63)
يۇمۇرلار …………………… (4.56)
ھەجۋىي رەسىملەر ……………… (4.63)
قوغۇنچى بوۋاي ………… ۋەلى ئاچىل (3.56)
كىچىككىنە ساۋاق …… ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (3.62)
يۇمۇرلار …………………… (3.60)
ئالتىنچى بالا (ھېكايە) ………………
………… تۇرسۇنجان مۇھەممەت (5.54)
يۇمۇرلار …………………… (5.60)
ھەجۋىي رەسىملەر ……………… (5.63)
قوش كۆلكە (ھېكايە)………… قۇربان توختى (6)
سىز ھاكىممۇ (ھېكايە)………… پازىل قادىر (6)

## فوتو سۈرەت گۈلزارى

مۇقاۋىدا: كاچۇك قىزى ……… تۇردۇن فوتوسى (1)
2 - بەتتە: تۈركىيە مۇقامى پايتەختتە …………
……………… مايامىن فوتوسى (1)
ئوتتۇرا بەتتە: يىپەك يولى گۈزەل - سەنئەت ئەسەر-
لىرىدىن تاللانما …… يالقۇن قاتارلىقلار سىزغان (1)
ئابلىكىم ئەمەتنىڭ ھۆسن خەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما
…………………… (1)
3 - بەتتە: ئاماننىساخانىنىڭ ھەيكىلى ۋە قەبرە گاھى
………………… تۇردۇن فوتوسى (1)
4 - بەتتە: ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى توپلاشتىكى ئىلغار ئورۇن
ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى………………
………… توبۇل، مۇختەر فوتوسى (1)
مۇقاۋىدا: مياۋزۇ ياشلىرى …… چې ۋېنلۇڭ فوتوسى (2)
2 - بەتتە: چاۋشيەن باللىرىنىڭ سەنئەت ماكانى … (2)
3 - بەتتە: ئايغىر سوقۇشتۇرۇش ……مايامىن فوتوسى(2)
ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: فوتو سۈرەت ئەسەرلەردىن تاللانما
…………………… (2)
ئوتتۇرا قارا بەت 1 -: قايىنام جاپپار ھۆسن خەتلىرىدىن
تاللانما …………………… (2)
ئوتتۇرا قارا بەت 2 -: بەدىئىي سۈرەتلەر …… (2)
4 - بەتتە: گۈزەل تاغلار…… يالقۇن ھابىل فوتوسى(2)
مۇقاۋىدا: ياش ئۇسسۇلچى تۇرسۇناي ئىبراھىمجان …
………………… لياڭ فېڭ فوتوسى (4)
2 -، 3 - بەتلەردە: ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش
داۋامىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان شىنجاڭ ………
………… شىنخۇا ئاگېنتلىقى تەمىنلىگەن (4)
ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: خەينەن سەنئەتكارلىرىنىڭ
ئەسەرلىرىدىن تاللانما ……………………
………… قۇ قۇشېڭ قاتارلىقلار سىزغان (4)
ئوتتۇرا قارا بەت 1 -: ھاياتلىق ئىزنالىرى ………
………… ئابلىز خوجانىياز فوتوسى (4)

ئوتتۇرا قارابەت 2 ـ: تۇرسۇن روسۇلنىڭ ھۆسن خەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما ................ (4)

4 ـ بەتتە: تۇمانلىق سەھەر .................................. تاۋ چىڭخەي فوتوسى (4)

مۇقاۋىدا: تەبەسسۇم ........... ئادىل فوتوسى (3)

2 ـ بەتتە: قورغاستا باھار .... شى جىشۇن فوتوسى (3)

3 ـ بەتتە: سودىغا كىرىشكەن «بىرىم دۇنيالار» .... .................... لى خۇي فوتوسى (3)

ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرىدىن تاللانما ............ (3)

ئوتتۇرا قارا بەت 1 ـ: فەن چاڭغۇەن ئەسەرلىرىدىن تاللانما ...................... (3)

ئوتتۇرا قارابەت 2 ـ: فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما ...................... (3)

4 ـ بەتتە: سەھەر ۋە كەپتەر ............................ ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان (3)

مۇقاۋىدا: تۇزۇم تال ئاستىدا .................. (5)

2 ـ بەتتە: يېڭى ئورۇن، يېڭى بۇرج ...... ...................... دۇدىيەنۇن (5)

3 ـ بەتتە: قايىنام جاپپار ھۆسن خەتلىرىدىن تاللانما ......................... (5)

4 ـ بەتتە: قىزىل گۈل ..... ھىسامىدىن فوتوسى (5)

مۇقاۋىدا: زوقلىنىش ........ لياك فىڭ فوتوسى (6)

2 ـ بەتتە: پايتەخت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرەيلى .......... ................. لۇ ۋېنمېي فوتوسى (6)

3 ـ بەتتە: بېيجىڭدىكى «مۇسۇلمانلار ئائىلىسى» ... .................. چېن راۋ فوتوسى (6)

ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: تۇردى ئىمىننىڭ جۇڭگوچە رەسىملىرىدىن تاللانما ................ (6)

ئوتتۇرا قارابەت 1 ـ: ئۈرۈمچىنىڭ يېڭى قىياپىتى .................. غەيرەت فوتوسى (6)

ئوتتۇرا قارابەت 2 ـ: تەرەققىي قىلىۋاتقان غۇلجا شەھرى ................. ئەلكەي فوتوسى (6)

4 ـ بەتتە: ئوغلاق تارتىش ............... .............. غازى ئەھمەد سىزغان (6)

## ئاپتورلار سەمىگە

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، ھەرقايسى ساھەدىكى ئاپتور دوستلار بىزگە ھەر خىل تېمىدا ماقالە ئەۋەرتىپ، خىزمىتىمىزنى يېقىندىن قوللاپ كەلدى. كەڭ ئاپتور دوستلارنىڭ قوللىشى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىسى رەڭدارلاشتى، مەزمۇنى موللاشتى. ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تىراژى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ، 1993 ـ يىلى 43 مىڭغا يەتتى. بىز مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرلىشىش، يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ھارپىسىدا ژۇرنىلىمىزغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان كەڭ ئاپتورلارغا، ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇغان كەڭ كىتابخانلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن سەممىي رەھمەت ئېيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا كەڭ ئاپتورلارنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قويماقچىمىز:

1. ئەۋەتىلگەن ماقالىلار ژۇرنىلىمىزنىڭ دەرىجىسىگە، سەۋىيىسىگە ۋە سەھىپىلىرىگە ئويغۇن كېلىدىغان بولسۇن.

2. تەھرىرلەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ماقالىلەرنىڭ پوچۇركىسى ئېنىق، ئىملاسى توغرا ، قۇرئارلىقى كەڭ بولسۇن.

3. تەھرىر بۆلۈمىمىزدە ئادەم كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ماقالىلەرنى قايتۇرۇپ بولالمايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە ئەۋەتكەن ماقالىلەر تۈزىتىشكە لازىم بولسا، بىر نۇسقا كۆچۈرۈپ ئېلىپ قېلىڭ.

4. بىزگە ئەۋەتكەن ماقالىلىرىڭىزنى باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەۋەتمەڭ. ئەگەر ماقالە ئەۋەتكەن كۈنىڭىزدىن باشلاپ، ئۈچ ئىككى ساندا ماقالىڭىز بېسىلمىغان بولسا ھەم سىزگە ماقالىڭىزنى ئىشلىتىش توغرىسىدا خەۋەر بارمىغان بولسا، باشقا گېزىت ژۇرناللارغا ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

5. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ چوقۇم ئەسلى تىلىدىكى نۇسخىسى بولۇشى كېرەك.

كىتابخان دوستلار، ژۇرنال بىزنىڭ ھەم سىزنىڭ، شۇڭلاشقا بۇ ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى.



بىرى ئويلار:
مەنسىپىم تاغدەك،
يەتتىم جىمى ئارزۇ-تىلەككە.
مەن مەن دېگەن خانىم-قىزلارمۇ،
كۆز قىسساملا كېلەر ئىندەككە.

ئۆيۈمدىكى كۆرۈمسىز خوتۇن،
ئوخشار گويا سېمىز ئۆردەككە.
توي-تۆكۈن ھەم زىياپەتلەردە،
ئويۇلىمەن بىللە يۈرمەككە.

ئۇچراپ قالغان بولغىيتتىم قانداق،
ياش چېغىمدا ئۇنىڭدەك نەسكە.
قۇتۇلسامتىم ئۇنىڭدىن بۇ دەم،
تويدۇرماستىن غۇلتىپ پەسكە.

بىرى ئويلار:

ئۇ بارغانسېرى،
كۆپ ئىشلارغا باغلىدى ھەۋەس.
«يىغىن تولا، ئىش ئالدىراش» — دەپ،
ھەپتە، ئايلاپ ئۆيگە كۆرۈنمەس.

ياش چېغىمدا «ۋاي» دەيتتى قالتىس،
ئەمدىلىكتە قىلچە كۆيۈنمەس.
ئىززىتىنى قىلسام ئېرىم دەپ،
ھېچ ئىشمىدىن كۆڭلى سۆيۈنمەس.

مەندىن تېخى قۇتۇلماقچىمىش،
كەلسۇن قېنى باسقان بولسا نەس.
كۆچۈم يەتسە پەم بىلەن ياردىن،
تاشلىۋەتسەم كۆتۈرۈپلا دەس.

—شېئىرنى **ئابلىمت ئابدۇكېرىم** يازغان






△ مېنىڭ خىلمىدىكىمىكىن دەپتىمەن
◁ زامانىۋى دىۋانە

# 1993年第6期要目


## ●民族论坛

总结过去　开创未来……司马义·艾买提
新形势下的民族干部工作……李云昌
少数民族地区职业教育存在的问题……艾比布拉

## ●人物

史筠：是官员又是学者……张　儒
吐尔迪·伊明的艺术追求……费陆文

## ●民族与自治地方

东乡族和东乡族自治县……海里利

## ●民族宝库

维吾尔书面文学最初遗物……伊明江
哲理世界……亚尔穆汗莫德

## ●民族与风俗

策勒男士头饰——塔里帕克……穆汗莫德吐尔逊
喀喇昆仑的“布尔格”游戏……木哈塔尔，阿布都拉

## ●知识荟萃

探视病人指南……库尔班编

## ●文摘

人际关系十法……
现代人能力结构……
用鼻子说话的人……
股票交易史话……
新型蔬菜……

## ●花坛

两个人的笑声（小说）……库尔班
您是县长？（小说）……帕孜里
名言录……



民族团结

（维吾尔文）

●主编
伊德里斯·巴拉提

●副主编
艾克巴尔·艾力

●责任编辑
哈米提·尼格买提

●出版
中国民族团结杂志社

●编辑
民族团结杂志社维编部

●地址
新疆乌鲁木齐市友好南路22号
邮政编码：830000

●印刷
新疆日报社印刷厂

●发行
乌鲁木齐市邮局

●订阅
全国各地邮局

●国外总发行
中国国际图书贸易总公司
国外代号：BM178U

●全国统一刊号
CN11——1557

●邮政发行代号
58——117

# بېيجىڭدىكى
# «مۇسۇلمانلار ئائىلىسى»

چېن راۋ فوتوسى

بېيجىڭدا مېھمانخانىلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ئەمما مەخسۇس مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا مۇلازىمەت قىلىدىغان مېھمانخانىلار كۆپ ئەمەس. شۇڭا ئاۋات سەنلىخېغا جايلاشقان مىللىي مېھمانخانا ئېچىلىش بىلەنلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.




جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شېن شياشى (سولدىن 2 - كىشى) بىلەن غەربىي شەھەر رايونىنىڭ باشلىقى لى بىڭخوا (سولدىن 4 - كىشى) مىللىي مېھمانخانىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەسمەكتە



مېھمانخانىدا 60 كارىۋات بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، پاكىزە، ئازادە



مۇسۇلمانلار رېستورانىدىكى ئۇستا ئاشپەزلەر



مېھمانخانا دىرېكتورى ليۇ دېيلىڭ (ئوڭدىن 3 - كىشى) ھەرقايسى



مېھمانخانا بىلەن ياندىكى مەسچىت، مۇسۇلمانلار يەسلىسى بىرلىشىپ تولۇق مۇلازىمەت



ئوغلاق تارتىشىش

غازى ئەھمەد

ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: BM 4270
دۆلەت ئىچىدىكى تىزىملىك نومۇرى: CN 11 — 1557

(《民族团结》维吾尔文版)

باھاسى 1.00 يۈەن